تۇردى تېيىپ داۋۇت

# ئويغاق ھېسلار

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

تۇردى تېيىپ داۋۇت



# ئويغاق ھېسلار

( شېئىرلار توپلىمى )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابلىكىم ھەسەن
ئەكبەر تاش

مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ


**ئويغاق ھېسلار**

(شېئىرلار توپلىمى)

**ئاپتورى: تۇردى تېيىپ داۋۇت**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11.125

2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

ISBN 978 − 7 − 5515 − 0180 − 4

سانى: 1 − 2000

باھاسى: 32.00 يۈەن


بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



تۇردى تېيىپ داۋۇت

# كىرىش سۆز

شائىر تۇردى تېيىپ داۋۇت 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چاپچال ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا، جاغىستاي، چاپچال ناھىيە بازارلىرىدا ئوقۇغان. 1965 ـ يىلىدىن باشلاپ چاپچال، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى، مۇخبىر، تەھرىر، ناھىيەلىك پارتكومدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلى شىنجاڭ رادىيو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزگەن، 1964 ـ يىلى تۇنجى شېئىرى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە 750 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ناخشا تېكىستى، فېلىيەتون، ھېكايە، ئەسلىمە قاتارلىقلارنى يېزىپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى شائىرنىڭ «سۆيۈملۈك يۇرتۇم ئىلى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى، 2001 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى «ئەقىدە» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. 2005 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «ئىلى دەرياسى»

ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، شائىرنىڭ ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭغا تون كىيدۈرگەن.

تۇردى تېيىپ داۋۇت 1999 ـ يىلى چاپچال ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدىن پېنسىيەگە چىققان. ھازىر ئۆزىنىڭ يېرىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش يولىدا ئىزدەنمەكتە.

# مۇندەرىجە


ئۇمىدلەردىن كۈلىدۇ ۋىسال ...................... 1
سۆيگۈ دىلبىرىنى تاپتى يۈرەك ...................... 2
كۈلدى ياشلىقىم ...................... 3
گۆھەر قىزدىن گۆھەر گەپ ...................... 5
جىلۋىلىنەر ئانا تەبىئەت ...................... 7
ئىجادىمدا پۈتمەس ماۋزۇ ...................... 9
بولسىمۇ ...................... 11
مۇقام ۋە ناخشا ...................... 12
تامچە ...................... 19
كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىسى ...................... 20
ئۇستازىمغا ...................... 21
قار لەيلىسى ...................... 25
يۇلتۇز، قىسما كۆزۈڭنى ...................... 26
ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم ۋە لېكىن ...................... 27
سۆگەت ۋە ئالما ...................... 28
غۇنچە ...................... 29
بۇلاق ...................... 31
مەشرەپ ...................... 33
تاغ ...................... 35
ھايات سۆيگۈسى ...................... 38

دەريا ۋە مەن ..... 42

ئارمىنىم ..... 43

بۇرچ ئالدىدا ..... 44

مەن ھاياتقا پەرۋانە ..... 45

ئارزۇيۇمنى سورىساڭ ئەگەر ..... 46

ئۈچ كۆرۈنۈش ..... 47

ياشلىقىم ..... 49

مېنىڭ ناخشام ..... 51

ئانا ..... 53

ئىقبالىم سىلەر ..... 55

غۇرۇر بىلەن ياشايمەن ..... 57

ئۇخلىماڭلار ھېسلىرىم ..... 61

تىلەك ..... 67

تاڭلار رىغبەت ـ ئىلھام بەرگەن دىللارغا ..... 71

توي ئويىنار ۋۇجۇدتا زارىققان ۋىسال ..... 75

يۈرىكىم ئېيتقىن دەيدۇ شۇنداق ناخشا ..... 76

ساڭا ھۆرمەت ..... 78

تېپىۋالدىم ئۆزۈم يولۇمنى ..... 80

ئادالەت ئالەمدە ئۇلۇغ تەڭداشسىز ..... 81

غەزەپ ..... 82

چىن دوستلۇق ..... 83

شادلىق ..... 84

ئويغان، يىگىت ..... 85

چوپان ھەققىدە ناخشا ..... 87

قارىغاي ..... 90

باھار تەبەسسۇمى ..... 91

ياز لىرىكىسى ........................ 94
تارىخ .............................. 98
گۈلچايدىن تۆكۈلەردۇر گۈل ............ 100
ئانا دالا قوينى كەڭ ................ 103
دىلبەر، مېنى قىلما ئىنتىزار ......... 105
ئەقىدە ............................. 107
ئايدىڭ كېچە ........................ 108
ھايات، سۆيگۈ ئەزەلدىن قوشماق ....... 109
ئۈمىد - مەشئەل، نۇر - چولپان ....... 110
ئەزگۈ تىلەك ھاياتتا يۆلەك ........... 112
چولپاننىڭ جىلۋىسى بار سۈبھىگىچە ..... 113
ياپراقلار لەۋلىرىدە كۈمۈش قەترە ..... 114
نورۇز ئۇلۇغ بىر ناخشا ............... 115
دوستلىرىم يۆلەك ئۆرلەشلىرىمدە ....... 119
ياشىسۇن ئۇيغۇر نېنى ................. 121
دوپپامغا سېنىڭ ئىشقىڭ چۈشۈپ قالدى .... 123
يۈرەكلەردە ياندۇ گۈلخان ............. 124
ئەللەيلىرىڭ ئاق تىلەك ............... 125
خىلۋەت مەھەللىدە يېڭىيېڭى بىر كۈن .... 127
مۇساپىسى ئۇزاقتۇر - ئۇزاق ........... 129
جۇلالىنار ۋىسال جىلۋىسى ............. 130
يۈرىكىمدە سېغىنىش ھەر دەم ........... 131
بىر ناخشام بار مەڭگۈ تۈگىمەس ........ 134
مەردلىكىڭگە ئەل قايىل ................ 136
دەپ ................................. 139
دېھقان ............................. 141

بالىلار كۆڭلى غۇبارسىز تاڭدەك ........................ 143
سەن يېزىلدىڭ تارىخ بېتىگە ........................ 144
تىرىك ۋۇجۇد، ئويغاق روھ تەلپۈنۈشلەر ئىلكىدە ... 146
ئانا خەلقىم سۆيىمىسە ........................ 149
ئىپتىخارىم سەن مېنىڭ ........................ 151
ئادەملەر ........................ 155
ئانا زېمىن يىلتىزىڭ ........................ 158
سۆيگۈ مەنسۇپ ئىككىمىزگىلا ........................ 160
تولۇن ئايغا ئېيتتىم سىرىمنى ........................ 161
سەن مېنى ئۇچۇرغان ئېھ ئالتۇن ئۇۋا ........................ 162
يىللار ئىشقى ئۇلۇغ كۈي ........................ 165
ھېيتىڭ مۇبارەك ........................ 168
كەلدى نورۇز گۈلخۇمار ........................ 170
باھار سىزدىڭ، تاڭ سىزدىڭ ........................ 174
يىللارنىڭ بەرگىنى ئۈمىد، مۇھەببەت ........................ 177
تاشلىغىن نىگاھ ........................ 180
شادلىقىمدىن كۆتۈردۈم چۇقان ........................ 181
جىسمىم شادلىق ئىلكىدە شۇ تاپ ........................ 182
ھالاللىقتا قۇياشتەك جامال ........................ 184
تاڭ شاملى، سۆيگىن يۈزۈمنى ........................ 186
سەن تىكلىگىن ئۆلمەس ئابىدە ........................ 187
ئەينەك ئالدىدا ... ........................ 189
روھى ئەل بىلەن ھايات ........................ 190
غەزەللەر ........................ 191
ماۋزۇسىز ........................ 195
ئاسمانلىرىڭ سېنىڭ ساپ، سۈزۈك ........................ 196

قاداق باسقان قوللىرىڭ ئالتۇن ........................ 199
مەرىپەتتە كۆلدۈرگەن چولپان ........................ 201
ئىككى غەزەل ........................................ 203
يۈرىكىڭ ئاتەش جۇڭغارنى سۆيگەن ........................ 205
ئۈمىدلىرىمنى يۈكلىدىم ساڭا ........................ 207
شائىر يۈرىكى ........................................ 209
قۇۋناق ئۆيىنىڭ بەرىكىتى ئۆزۈڭ ........................ 211
تەبىئەتنىڭ ئەركىسى باھار ........................ 213
ئىككى غەزەل ........................................ 215
تۈنجى قار، تۈنجى مۇھەببەت ........................ 217
غەزەللەر ........................................ 219
ئالتۇنتاغ ئۈنچىلىرى (سىكل) ........................ 222
ئاتا قەدرى ........................................ 228
ئەڭ قەدىرلىك دەقىقە ........................ 231
ئىنسان، ئۆزۈڭ تېپىۋالغىن يول ........................ 235
ساۋاق ........................................ 236
چىرىغىڭ ئۆچمەس ئاتا ........................ 237
ھايات كۆكلەر مۇھەببەت بىلەن ........................ 239
قۇت بەرسۇن ھالال ئەجرىڭ ........................ 241
ئانا تىلىم ........................................ 243
بويۇڭنى سۆيۈپتۇ قۇياش جىلۋىسى ........................ 245
قۇتلۇق قەدەم ........................................ 247
بەرگىلەر لېۋىدە يالتىرار كۈمۈش ........................ 250
سېنىڭ نامىڭ تۇگىمەس ناخشام ........................ 252
تاڭلار ساڭا قۇت تىلەيدۇ ھەرقاچان ........................ 254
بولغاي ........................................ 256

يول ........................................ 257
تەبىئەت، ھايات ھەممە جاندار ئويغاق .............. 258
ۋىسال قىزى كۆتمەكتە ........................ 260
باھار لىرىكىسى ............................ 262
تاڭ جىلۋىسى .............................. 263
نۇرلۇق سىما ............................... 266
تەقدىرىڭدىن ئاغرىنما، دوستۇم .................. 268
چۈغلۇق (ناخشا تېكىستى) ...................... 269
سېغىنىش .................................. 271
دەريا سۈيى ................................ 273
بەش مۇچەل چەشمىلىرى ........................ 275
تاغ سۈيى (ناخشا تېكىستى) .................... 277
تەبەسسۇم (ناخشا تېكىستى) ..................... 278
سەن دىللار تەختىدە ئەبەدىي مېھمان ............... 279
ئايالىلار قولىدا تەۋرەيدۇ دۇنيا ................. 282
كۆلۈپ كەلدى نىگارىم ........................ 284
ياشلىقنى ئاتايدۇ ساڭا ........................ 286
نىگار ماڭا باقىدۇ كۈلۈپ ....................... 288
سەن پاكلىقنىڭ ئەلچىسى ....................... 289
تۆكۈلىدۇ سىنىڭدىن ئەلگە ئېھسان ـ ساخاۋەت .... 290
شېئىر قەسىدىسى ............................. 293
بەخت تەبىرى ............................... 296
قەدىرلىك ئىنسان ............................. 298
يۈرەكتە ئىشتىياقىڭ بار (ناخشا تېكىستى) ......... 300
ئانا يۇرتۇم قىبلىگاھىمسەن ..................... 301
ھايات يولى ................................ 304

ئاشىق يۈرەك ھايات ئىشقىدا ........................ 305
ئانا، ھېيتتا سېنى ياد ئەتتۇق ........................ 307
باقمەن كۆپكە ........................ 309
مېھنەت ........................ 311
جور بولمەن ناخشاڭغا ........................ 312
سەھەر ........................ 315
تۈنجى قاردا ئاق تىلەك ........................ 317
ھېيت ئوينايمىز ........................ 319
ئوقۇتقۇچىمەن ........................ 321
ئەسسالام، دېھقان دوستۇم ........................ 323
ياز ھۆسنى ........................ 325
ئارمان ........................ 327
يىللار قەدرى ........................ 331
باھار دېگەن مۇھەببەت ........................ 333
ئانا باغرى ئەڭ ئۇلۇغ ........................ 335
قېرىنداش ........................ 337
باھار كەلدى ........................ 339
يېڭى قەدەم يىل يېڭى ........................ 341
ئەلۋىدا، زوردۇنكا ........................ 344

# ئۈمىدلەردىن كۆلىدۇ ۋىسال

كۆلۈپ كەتتى بىپايان زېمىن،
زور نۇرنى تۆككەندە قۇياش!
ئەمىن تاپتى يۈرەك ــ دىللارمۇ،
نۇرغا تولغاچ ئانا يەر تۇتاش.

ئوتلۇق تەپتى ئالتۇن قۇياشنىڭ
قۇدرىتىنى قىلدى نامايان.
سەپەر تارتتى ھايات كارۋىنى،
ئالەم سۆيگەن كەڭلىكلەر تامان.

ئالەم سۆيگەن كەڭلىكلەر تامان
ئېلىپ بارار بىزلەرنى ئارمان!
ئۈمىدلەردىن كۆلىدۇ ۋىسال،
دىلىمىزغا بېغىشلاپ ئېھسان!

1980 ــ يىلى ئىيۇل، چاپچال

## سۆيگۈ دىلبىرىنى تاپتى يۈرەك

ئويغىتىپ تاڭدا سۆيگۈ دىلبىرىنى،
تاپتى بۇ ئۇزاق تەشنا بولغان يۈرەك.
ئاھ، ئىچتى ئېسىل ۋىسال جاملىرىدىن
سۆيگۈنىڭ شارابىنى ئارمان ـ تىلەك!

سىرداشتى قۇرۇپ سۆھبەت ھاياجاندا،
شوخقارلار ئۇۋا سالغان چوققىلاردا.
تىڭشىدىم، ئۇندىن كېلەر ياڭراق سادا،
ئىز قالغان ئۆچمەس بولۇپ قىيالاردا.

توختىماس كارۋان ئۇدۇم سەپىرىدىن،
ئېپكېلەر خەۋىرىنى ئۇچقۇر شامال.
ئىز قالغان قىيالارغا باقار خۇشال،
ئەرشىنىڭ ئەركە قىزى ــ ساھىبجامال!

دولقۇنلار مەۋج ئۇرغان ساھىللاردا
قوزغىتىپ نازۇك ھېسلار شامال ئېسەر.
يۇلتۇزلار تېپىشقاندا ئېھسان كۆلەر،
ئېھ، ئارمان ئالتۇن جامدا شاراب ئىچەر!

1976 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال

# كۆلدى ياشلىقىم

قارىسىنى ئېلىپ يېشىم ئوتتۇز بەشنىڭ،
بېشىمغا ئاق قىرووۋلار قونۇپ قاپتۇ.
ياشلىق دېگەن قانداق مەزگىل؟
چۈشەنگۈچە،
ئانام مەندىن قوش نەۋرىلىك بولۇپ قاپتۇ.

ئارتقا باقسام ياش ئەگىيدۇ كۆزلىرىمدىن،
كەچۈر ئانا، روھىم بىردەم سۈنۈپ قاپتۇ.
ئەسكە كېلىپ شۇ ئون يىللىق «جۇدۇن – چاپقۇن»
خىياللىرىم كونا خامان سورۇپ قاپتۇ.

قورۇق چۈشكەن چىرايىمدىن ئەجەبلەنمەڭ،
شۇ يىللاردا مېنى «ئىسسىق» ئۇرۇپ قاپتۇ.
بۇلاق كەبى زېھنىڭ قېنى؟
دەرسەن بەلكى،
ئۇمۇ دوستۇم شۇ يىللاردا قۇرۇپ قاپتۇ.

قەلىمىمۇ بويىننى قىسىپ بىر بۇرجەكتە،
ئەلەم بىلەن ياشلىقىمدەك سولۇپ قاپتۇ.

سەپىرىمدە «جۇدۇن» بولغاچ، ئىجادىممۇ
شۇ ئۆتەڭدە ئون يىللارچە قونۇپ قاپتۇ.

تەبىئەتتە كۆك سۈرمىگەن بىرمۇ تال يوق،
«جۇدۇن» ئۆتۈپ بۇگۈن باھار بولۇپ قالدى.
«قۇيۇنلار»دا چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەننىڭ
چىرايىغا قاراڭ!
كۈلكە قونۇپ قالدى.

گۈزەل باھار قان ئۇرغۇتۇپ تومۇرۇمدا،
ئىلھاملىرىم يېڭى بىخلار سۈرۈپ قالدى.
شىمايىلىنىپ ئىككى قولۇم ئىجاد ئۈچۈن،
ۋۇجۇدۇمغا پۈتمەس قۇۋۋەت تولۇپ قالدى.

ياشلىق دېسەم ياش ئەگمەن كۆزلىرىمدە،
كۆرۈڭ!
دوستۇم، تۈگىمەسلا كۈلكە ـ شادلىق.
باھار بىلەن كۈلدى يەنە ياشلىق چېغىم،
ئەمدى ھايات ئەجەب قايناق،
شېرىن ـ تاتلىق!

1983 ـ يىلى ماي، چاپچال

# گۆھەر قىزدىن گۆھەر گەپ

ھەر كۈنى كۆرىمەن گۆھەرنى
يوپيورۇق چىراغىنىڭ تۈۋىدە.
باقىدۇ كىتابقا زوق بىلەن
شۇ بىر جۈپ قاپقارا كۆزىدە.
ئاشماقتا ئۈنىڭغا ھۆرمىتىم،
كۈنسېرى قەلبىمنىڭ تۆرىدە.

سۆز ئاچتىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە:
— كىتابقا نېمانچە ئامراق سىز؟
ئۆتىدۇ ۋاقتىڭىز ئاشۇنداق،
ئويۇندىن، كۈلكىدىن يىراقسىز.
كۆز ئۈزمەي ئۈنىڭدىن بىردەممۇ
زېرىكمەي قانداقمۇ چىدايسىز؟

تىكىلدى بىرھازا سىنچىلاپ،
«لاپ» قىلىپ گۆھەر قىز يۈزۈمگە.
شۇ مەھەل كۆردۈمەن ئېچىنىش
گۆھەرنىڭ چولپاندەك كۆزىدە.

«ئېخ، قادىر،— دېگەنچە بىر تىنىپ،
دەل جاۋاب بەردى ئۇ سۆزۈمگە،—

ئۆتتىغۇ ئۆمرىمىز بىرمەھەل
ئىلىم – پەن ئۆگەنمەي مەنىسىز.
قايمۇقۇپ «جىن» لارنىڭ مىكرىدىن،
نە ئارزۇ، ئىرادە، غايىسىز.
بۈگۈنچۇ، كۈتمەكتە بىزلەردىن،
زور ئۈمىد بۇ يېڭى دەۋرىمىز!

گۆھەرنىڭ گۆھەردەك گېپىدىن،
چۈشەندىم كۆپ تېرەن مەنانى.
كۆپ بىلىم ئىگىلەش ئىكەنغۇ
ئاھ، ئۇنىڭ دىلدىكى ئارمانى.
سۆيگۈنىڭ سېھرىلىك كۈچىدىن
ياقتۇردۇم شۇ دىلدار رەنانى.

1980 – يىلى ئاپرېل، چاپچال



# جىلغىلىنەر ئانا تەبىئەت

كۆك پەرىسى ئانا زېمىنغا
چاچتى چاچقۇ كۇمۇش قەترىدىن.
باھار ئىلھام بەردى دىللارغا،
جۇشقۇن ھايات يېڭى سەتھىدىن.

كۆلۈپ كەتتى بىپايان زېمىن،
جىلغىلىنەر ئانا تەبىئەت.
چوققىلاردا پەر قاقار بۈركۈت،
ۋۇجۇدىدا ئوتلۇق مۇھەببەت.

چەكسىز ئۇپۇق باھار ئىشقىدا،
تاۋلىنىدۇ شەپەق رەڭگىدە.
چۇقان سالار ئويناق ئېقىنلار،
ئۆركەش ياساپ دولقۇن مەۋجىدە.

تاڭ ئەركىسى تاشلىدى نىگاھ،
ياپراقلاردا چاقنار جىلغىسى.
ئاستانىدۇر پاكلىقا ئەبەد،
يۈرەكلەرنىڭ تۆرى — قىبلىسى.

سۇبھى پارلار تەبەسسۇم بىلەن،
ئانا دالا جىيەكلىرىدە.
كۆپكۆك چىمەن، يېشىل ھاياتلىق،
دەريا ـ كۆللەر گىرۋەكلىرىدە.

ئەنئەنىمىز تىرىك ھېكايەت،
ئەۋلادلارغا نورۇز ھەققىدە.
كۆمۈلمەس ۋە ئۇنتۇلماس تارىخ،
ئۇدۇمدۇر ھايات، ئۇدۇم ئەقىدە.

نورۇز كەپتۇ بۇ يىلمۇ يەنە،
ئەۋلادلارنى ئۇمىدكە بۆلەپ!
ۋىسال قىزى ساپتۇ پاياندار،
ئىقباللارنىڭ قەسرىنى گۈللەپ!

1992 ـ يىلى مارت، چاپچال



# ئىجادىمدا پۇتمەس ماۋزۇ

ھەر قېتىم بويلىرىڭغا كەلگىنىمدە،
قارايمەن، ئېقىشىڭغا ئۇزاقلارغا.
قارايمەن زوقلىنىپمەن ئەزىم دەريا،
سەن سۆيۈپ باغاش ئەتكەن قىرغاقلارغا.

زەپ شېرىن خىياللارغا چۆمۈلىمەن،
زەن سېلىپ سېنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنۇڭغا.
مەپتۇنمەن، مەھلىيامەن، ناخشا ـ كۈي بوپ
ياڭرىغان سېنىڭ جۇشقۇن شاۋقۇنۇڭغا.

كېلىسەن نە ـ نەلەردىن ياساپ ئۆركەش،
كۈمۈشتەك ئۈنچە ـ مارجان چېچىپ ھەر يان.
ۋادىنى ئوراپ كۆركەم خانئەتلەسكە،
بېرىسەن گۈل ـ گىياھقا ھاياتلىق ـــ جان!

كەڭ قىرغاق، ئالتۇن ۋادا سۆيگۈسىنى،
كۆرىمەن سېنىڭ شۇنداق ئېقىشىڭدىن.
توختىماي كۈندۈز ـ كېچە ئىشقىڭ بىلەن،
مۇھەببەتلىك شوخ ناخشاڭنى ئېيتىشىڭدىن.

ئەزىم دەريا، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتىڭ،
يۈرىكىمگە سالدى ئوتلۇق غايە ـ ئارزۇ!
ئەزىز خەلقىم، ئانا دىيار مۇھەببىتى.
ئىجادىمدا مېنىڭ ئۇچۇن پۈتمەس ماۋزۇ!

1982 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال



# بولسىمۇ

«كەمتەر بولغىن، ئەي بۇرادەر، تاجۇ تەختىڭ بولسىمۇ»،
بولمىغىن زىنھار تەكەببۇر خانلىق مىراسىڭ بولسىمۇ.

خۇش پېئىل، سالماق، سىپايە بول ھامان، ئەل ئالدىدا،
شۆھرىتىڭ بىرلا ئېشىپ يۇرت ئارا نامىڭ بولسىمۇ.

تۇت ئۆزۈڭنى دائىما، ئىززىتىڭ ساقلاشنى بىل،
گەر سېنىڭ قۇياش كەبى ھۆسن ـ چىرايىڭ بولسىمۇ.

پو ئېتىپ كۆككە ئۇچۇپ قىلما تاماشا، قىل ھەزەر،
ئاقىۋەت يەرگە چۈشەرسەن گەرچە قاناتىڭ بولسىمۇ.

لەۋزىنى قىلدىڭ ئۆزۈڭ، ئەي كەمتىرىن، قىلغىن ئەمەل،
ئوت كېچىپ چامدام ـ قەدەمدە مۇشكۇلاتىڭ بولسىمۇ.

1983 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال

# مۇقام ۋە ناخشا

(داستان)

قۇلاق سال،
ئەي جاھان!
مېنىڭ جاراڭلىق ناخشامغا،
زېمىن مەھلىيا ئەتكەن.
تىڭشىساڭ،
بىزنىڭ شۇ مۇقام ـ ناخشىمىز،
ئەجدادلار ئەجرىدىن ۋايىغا يەتكەن.

سەنئەتنىڭ قامۇسى، ئەڭگۈشتەرى شۇ،
تارىختىن بىز ئالغان مۇكاپاتنامە.
ئۇ شۇنداق بىر ناخشا، قەدىم جەڭلەردىن،
قۇربانلار روھىغا ئۇلۇغ يادنامە.

بار ئۇندا يوقسۇلنىڭ شىكايەت ـ ئەرزى،
زۇلمەتلىك كېچىلەر ئۈستىدىن ئىسيان.
ئۇندا بار كەۋسەرلىك باغلارنىڭ ھىدى،
قوينىدا جەننەتنىڭ ھۆرلىرى مېھمان.

ئۇندا بار ئانىلار ئاۋازى تۇنلەپ،
بوۋاقلار بېشىدا ئەللەي ئەتكۈچى.
ئۇندا بار ھېكمەتتىن پايانسىز دېڭىز،
قارىساڭ كۆرۈنمەس ئەسلا چەت ـ ئۇچى.

مۇقاملار بەزلىگەن يىغلىغانلارنى،
ناخشىلار شىپاسى ئەلەمنىڭ ـــ دەردنىڭ.
ناخشا ـ كۈي بىزگە نان،
بىزگە جان بولغان،
مۇقاملار ئۇزاقتىن شاھى سەنئەتنىڭ.

ئۆرۈلدى قانچىلاپ قەلئە ـ راۋاقلار،
شۇ مۇقام شاھلىقتىن ئۆرۈلمەي كەلدى.
شەھەرلەر كۆمۈلسە قۇملار ئاستىغا،
لېكىن ئۇ ناخشىلار كۆمۈلمەي كەلدى.

ئۇ بىزگە قەدىمىي يىپەك يول بويى،
ياشىغان ئەقىللىك ئەجدادتىن قالغان.
تىڭشىساڭ،
يۈرەكنىڭ ئەزگەن مۇڭلىرى،
ھىجراندىن،
ھەسرەت ۋە ئارماندىن كەلگەن!

ئۆي ـ ماكان تاشلانغان سۈرگۈنلەر ئارا،
شۇ مۇقام ـ ناخشىلار تاشلانغان ئەمەس.

چۆللەردە ئۆتسىمۇ نامرات مەرىكىسى،
ھېچقاچان ئۇنىڭسىز باشلانغان ئەمەس.

كېلىدۇ سەنئەتنىڭ تون يېرىپ ئاشۇ
فارابىي كۆتۈرگەن چىرىغى بىلەن.
ياڭرايدۇ ئاۋازى ئامانىسانىڭ،
كېلىدۇ ساتاردىن تىنىقى بىللە.

كۈيلىنەر مۇھەببەت،
سۆزلىنەر ھىجران،
ۋىساللىق كېچىلەر ئۇلۇغلىنىپ ھەم.
كېلىدۇ شۇ مۇقام،
ناخشىلار بىلەن،
باتۇرلار داستانى تولۇقلىنىپ ھەم.

بۇلبۇلنى ناخشىغا ئۇندىگەن ئاۋۋال،
باغلاردا كۆردۇق بىز شۇ مۇقام ئىكەن.
شۇ مۇقام پاك سۆيگۈ دۈشمەنلىرىگە،
ئۇرۇلغان ئالماستەك قىلىچ ـ تىغ ئىكەن.

ئاڭلايمىز بوۋىلار چاپقان كەتمەننىڭ،
بۇگۈنمۇ ئۇنىڭدىن گۈپۈلدىشىنى.
مىسكەرچى قولىدا قەدىم بولقىنىڭ،
ئەسىرلەر ئاۋۋالقى توكۇلدىشىنى ...

قىسسىلەر ئاڭلىدۇق، كىتابلار كۆردۇق،
ناخشىدىن پۈتۈلگەن ئۇنىڭ ھەر بابى.
مۇقاملار بىز ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس،
ئەجدادنىڭ تۆكمەس شەربەت ـ شارابى!

※ ※ ※

تىڭشىغىن،
ئەي جاھان.
ئەمدى ناخشامنى،
تىڭشىغىن،
بىزنىڭ شاد يۈرەكلەرنى ھەم،
تاماشا ئەھلىنى چىللايمىز بۈگۈن،
كۆرگەي دەپ
بىزنىڭ توي ـ كۆرەكلەرنى ھەم.

قۇيۇنلار قوزغىغان يىللار ئەمەس بۇ،
ئەركىمىز قايتىدىن كەلدى ئەسلىگە.
زېمىندىن زىمىستان، دوقاللار كەتتى،
ئۆمرىمىز ئايلىنىپ باھار پەسلىگە.

تولۇلايمىز شوڭلاشقا مۇقام، ناخشىنى،
چىلىشتىن يېزىلدى داستانلار يېڭى!
مۇقامنى خارلىغان ئاسارەت كەتتى،

يول يېڭى،
ئەل يېڭى،
بوستانلار يېڭى!

بىز ئۇلۇغ يۈرۈشكە ئات ئېگەرلىدۇق،
قاشقاشقلىق قالماقتا ئەمدى چۈش بولۇپ.
بەختىنىڭ مەنزىلى قىچقىرار بىزنى،
ناخشىلار كەلمەكتە بىزگە كۈچ بولۇپ.

قوللارنى كۆتۈردۇق ئۇسسۇلغا خۇشال،
كۆڭۈلدىن بېرىلدۇق ناخشا ـ قوشاققا.
قىزىدى بەزمىلەر ئۇرۇلدى چاۋاك،
تەمبۇرلار سايرىدى ئەجەم ـ ئوشاققا ...

ناخشىلار تۇۋلىساق ئاۋازىمىزغا،
بولماقتا زاۋۇتتا موتورلار تەڭكەش.
ئۇرچۇقلار ئالدىدا چېۋەر قىزلار جور،
ئېتىزدا تۇمەنلەپ باتۇرلار تەڭكەش.

ئاقىدۇ ناخشىمىز خۇددى دەريادەك،
دولقۇنى داستاندۇر، شاۋقۇنلىرى كۈي.
مۇقاملار مەشرەپلەر مۇقەددىمىسى،
ناخشىدىن جانلاندى كەڭ دالا،
ھەر ئۆي!

مۇقامسىز ئۆتمەيدۇ كېچىلەر بۈگۈن،
ناخشىدىن ئالىمىز خۇشاللىق ـ شادلىق.
كوچىلار ناخشىدىن يېتىلدى، ئۆستى،
قىزلار ھەم ناخشىسىز بولمايدۇ ياتلىق.

زوق بىلەن سۆزلىنەر،
كۈيلىنەر ئۇندا
ھەر ئۆينىڭ شادلىقى ـ ئاۋاتلىقىمۇ.
بولماقتا يېقىملىق ناخشىدەك گۈزەل،
شۇ مۇقام يۇرتىنىڭ دالا، تېغىمۇ.

ھە ...
بۈگۈن خانتەڭرى ئاشۇ ناخشىنىڭ
كۆرمەكتە توختىماي ئېيتىلغىنىنى!
كۆرمەكتە ناخشىلار ئىستىقبالىغا
ۋەتەندە نۇر ـ چىراغ يېقىلغىنىنى!

ئالتۇندىن سالدۇق سىم بۈگۈن ساتارغا،
كۈمۈشتىن ئىشلەندى داپنىڭ گەردىشى ...
يىغلاپتۇ دېمىگىن چۇشەنمەي يەنە،
شادلىقتىن تۆكۈلسە بوۋايلار يېشى.

ناخشىمىز پەيزىدىن ئالىدۇ لەززەت،
قىزىل توغ نۇر چاچقان يېزا ـ شەھەرلەر.

ۋاپادار يار ـ مەشۇق ھۆسنىدەك گۈزەل،
تۇيۇلار ئەندىكى ھەربىر سەھەرلەر.

ئېخ، بۈگۈن توۋلايمىز مۇقام ـ ناخشىنى،
ياڭرىتىپ، كۆتۈرۈپ راسا ئەۋجىگە!
بارىمىز مۇقام ۋە ناخشىلار بىلەن،
ئۇلۇغۋار كەلگۈسى —
پارلاق دەۋرگە!

1982 ـ يىلى ماي، چاپچال



# تامچە

تامچە سۈنى قەترىدەك بىلىپ،
دېمەڭ ئۇنى ھەرگىز قەدىرسىز.
تامچىلاردىن دەريالار تولۇپ،
ھاسىل بولار ئوكيان ـ دېڭىز.

ئۆمرۈم مېنىڭ تامچىغا قىياس،
«چىپ ـ چىپ» قىلىپ تامچىلاپ تۇرغان.
ئېقىن ياساپ، دەريا تولدۇرۇپ،
كەڭ دېڭىزغا كېلىپ قوُيۇلغان.

خۇشالمەنكى، دېڭىز سۈيىدە،
بولغىنىمغا مەنمۇ بىر تامچە.
قەدىرلەيمەن تامچىلىقىمنى،
پەخىرلىنىپ تاكى ئۆلگۈچە.

1983 ـ يىلى يانۋار، چاپچال

# كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىسى

كېپىنەك ماختىنىدۇ سەيلىسىدىن،
گۈللەرنىڭ پەيزىنى سۈردۈمەن دەپ؟
كۆلكە قىلىپ ئىشچان ھەسەل ھەرىسىنى،
سەندە يوق مېنىڭچىلىك ئەپچىل پەم دەپ.

كېپىنەك «پەمى» بىلەن ماختانسىمۇ،
ئىشچان ھەرە مىننەتسىزلا بال بېرىدۇ.
شىرنە يىغىپ تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ ئۇ،
ھەتتا ئاخىر ئاشۇ يولدا جان بېرىدۇ.

1983 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال



# ئۇستازىمغا

تالاي شائىر يازدى قوشاق ـ نەزملەر،
ئۇستاز ئۇلۇغ،
ئۇستاز بۈيۈك،
ئەزىز دەپ.
ئۇلۇغلايمەن مەنمۇ بۈگۈن يۈرەكتىن،
ئۇستاز مېھرى شاگىرت ئۈچۈن دېڭىز دەپ.

ئۇنتۇمايمەن پاك قەلبىمگە يېزىقلىق
مەرىپەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىنىم.
بىلىم ئىشقى يالقۇنجىغان جىسمىمنى
ئۇستازىمنىڭ پاك باغرىغا ئاتقىنىم.

قۇياش كەبى تۆكۈپ ئالتۇن نۇر ـ ئاپتاپ،
كەلدى ئۇستاز شۇنچە ئىللىق خۇش چىراي.
كەتتى تارقاپ دىلدا قورقۇش، ئەندىشە،
مەن بىر يۇلتۇز، ئۇستار گويا تولۇن ئاي!

«ئا» دىن باشلاپ بۇ غۇبارسىز دىلىمغا،
ئىلىم ـ پەننىڭ چىرىغىنى ياغقان ئۇ.

ئالغا ماڭسام نۇر ياغدۇرۇپ چېھرىدىن،
مەمنۇن بولۇپ ماڭا خۇشال باققان ئۇ.

ئۇنتۇمايمەن
پاك قەلبىمگە يېزىقلىق،
پەن ئىشقىنى يۈرىكىمگە تاڭغىنىڭ.
ئوڭ قولۇمدىن تۇتۇپ ئۇستاز مېھرىڭدە،
ئالغا يېتىلەپ بىللە ئېلىپ ماڭغىنىڭ.

مىننەت قىلماي تەشنالىقىم قاندۇرغان،
شەربەت ئىدى ئۇستازىمنىڭ بەرگىنى.
سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇپ ئۈلگە ھەرقاچان،
يۈكسەك ئارزۇ ئۇرۇقىدىن تەرگىنى.

نوتا ئىدىم،
كۆچەت بولۇپ يېتىلدىم،
بۈگۈن ماڭا چىنار قامەت پۈتۈلدى.
نادان ئىدىم،
ئاشتى زېھنىم كۈنسېرى،
يۈرىكىمگە ئۇلۇغ نىيەت پۈكۈلدى.

مەن پەقەتلا ئۇلۇغ ئۇستاز ئۆستۈرگەن،
تۇمەن نوتا ـ كۆچەتلەرنىڭ بىرى مەن.
چىنار قامەت پۈتۈلگەندە جىسمىمغا،
مەن قانداقچە ئۇستازىمنى ئۇنتۇيمەن؟!

بىر چاغلاردا شۇ ئۇستازنىڭ قاپقارا
قۇندۇز كەبى پارقىرايتتى چاچلىرى.
بۈگۈن باقسام،
قۇندۇز چاچتىن نە ئەسەر،
ئاق كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ باشلىرى!

بۈگۈن باقسام چېھرىگە شۇ ئۇستازنىڭ،
ماڭلىيىدا قاپتۇ سانسىز قورۇقلار.
ئۆكۈنمەيدۇ ئۇلۇغ ئىنسان بۇنىڭغا،
ئۇنى ھامان شاگىرتلىرى ئۇلۇغلار!

ئۇلۇغ ئۇستاز مېھنىتىنى — ئەجرىنى
ئەزىزلەيدۇ ساۋاق ئالغان ھەر ئىنسان!
ئەزىزلەيدۇ ئۇنتۇماستىن قەدرىنى،
ياد ئېتىدۇ قۇتلۇق نامىن ھەرقاچان!

ئۇنىڭ ئەجرى
شائىردىكى تەپەككۇر،
ئۇنىڭ ئەجرى
ئالىمدىكى پاراسەت؛
ئۇنىڭ ئەجرى
ئىنژېنېردا ئىختىرا،
ئۇنىڭ ئەجرى
سەنئەتكاردا لاتاپەت؛

ئۇنىڭ ئەجرى
جەڭچىدىكى جەسۇرلۇق،
ئۇنىڭ ئەجرى
ئىشچىدىكى ماھارەت!
ئۇنىڭ ئەجرى
دېھقاندىكى ساپ نىيەت،
ئۇنىڭ ئەجرى
تاپقۇزىدۇ كامالەت !!
يېزىپ كەلسە ئۇلۇغ ئۇستاز ئەجرىنى،
پۈتەر يۈزلەپ ۋە ھەتتاكى مىڭ داستان!
جىسمى ياتلىسا تۇپراق ئارا جاي ئېلىپ،
نامى ئۆچمەس مىليون دىلدا ھېچقاچان !!!

※ ※ ※

تالاي شائىر يازدى قوشاق ـ نەزمىلەر،
ئۇستاز ئۇلۇغ،
ئۇستاز بۈيۈك،
ئەزىز دەپ!
ئۇلۇغلايمەن
مەنمۇ بۈگۈن يۈرەكتىن،
ئۇستاز مېھرى
شاگىرت ئۈچۈن دېڭىز دەپ!

1984 ـ يىلى 4 ـ مارت، چاپچال

# قار لەيلىسى

قار لەيلىسى كۆزنى چاقنىتىپ،
ئېچىلىپتۇ ئېگىز چوققىدا.
قەھرىتاندا قىپتۇ نامايان،
قەيسەرلىكنى ئاشۇ تۇرقىدا.

چوققىلاردا تۇرسىمۇ كۈلۈپ،
ماختانمايدۇ تەمەننا قويۇپ.
ئىزدىمەيدۇ باغچىدىن ئورۇن،
ئۆتەر قارلىق قىيانى سۆيۈپ.

قەيسەرلىكنىڭ سىمۋولىدۇر ئۇ،
كەمتەرلىكنىڭ گۈزەل ئۈلگىسى.
ئۈلگە قىلدىم خىسلىتىنى مەن،
يۈرىكىمدە ھايات سۆيگۈسى.

1984 ـ يىلى مارت، چاپچال

# يۇلتۇز، قىسما كۆزۈڭنى

دېرىزەمدىن قارايدۇ يۇلتۇز،
ناز ـ كەرەشمە بىلەن كۆز قىسىپ.
«يۇر سەيلىگە» دەيدۇ شەرەتلەپ،
كۆلۈپگىنە دالدىغا قېچىپ.

يۇلتۇز،
يۇلتۇز قىسما كۆزۈڭنى،
جىلۋەڭ بىلەن مېنى ئازدۇرۇپ.
ئۆزۈڭ دەڭسە ساداقىتىڭنى،
قويما كېيىن راسا چاندۇرۇپ.

1986 ـ يىلى فېۋرال، غۇلجا



# ئەمتەھاندىن ئۆتتۇم ۋە لېكىن

ئەمتەھاندىن ياخشى ئۆتتۈڭ دەپ،
تەبرىكلىدى دوستلىرىم مېنى.
خۇشاللىقتىن يايرىدىم، ئەمما
شۇ دەم باستى باشقا غەم مېنى!

ئەمتەھاندىن ئۆتتۇم ۋە لېكىن،
غېمىم ھايات سىناقلىرىدا.
ياخشى ئىدى قالمىسام دوستلار،
ئەۋلادلارنىڭ سوراقلىرىغا ...

1985 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# سۆگەت ۋە ئالما

پور سۆگەت گىدىيىپ دەپتۇ ئالمىغا:
«قارىغىن،
بەستىمگە زەپمۇ قاملاشقان.
سەندە يوق نە سۇبات، قامەتتىن ئەسەر،
شاخلىرىڭ ئېگىلىپ يەرگە قاراشقان.»

ئالمىمۇ دېدىكى ئاڭا جاۋابەن:
«راست دەيسەن مەندە يوق سۇبات ۋە قامەت.
ۋە لېكىن ئىنسانغا بېغىشلاپ لەززەت،
ياشىماق مەن ئۇچۇن بەخت زور ئامەت.»

گىدەيگەن پور سۆگەت بولدى لاسىدە،
ئالمىنىڭ كەمتەرىن سۆزىنى ئاڭلاپ.
ئىبرەتتىكى دۇنيادىن ئۆتمىگەي ھەركىم،
مېۋىسىز گىدىيىپ، بىر ئۆزىنى داڭلاپ.

1986 ـ يىلى ماي، غۇلجا

# غۇنچە

تاڭ سۆيۈپ ئېچىلغان لالە رەڭ غۇنچە،
تارتىدۇ زوقىنى ھەممە ئادەمنىڭ.
ھەر غۇنچە،
ھەر گۈلنىڭ مېھرى ئۆزگىچە،
غۇنچىلار زىننىتى گۈزەل ئالەمنىڭ!

تاڭ بىلەن كۈلىدۇ غۇنچىلار بەرگى،
ھاياتقا يېڭىلىق،
جۇشقۇنلۇق ئاتاپ.
ئالەمنى ياشنىتار،
ئالەمنى بېزەر،
ئىجادنىڭ ئالتۇن رەڭ گۈلىنى تاقاپ.

غۇنچە بەخت،
غۇنچە رەڭدار بىر ئالەم،
داۋام ئېتەر ھايات شۇنداق ئىز بىلەن!
غۇنچە سۆيگۈ،
غۇنچە ئىلھام دىللارغا،
كۆرمەك كېرەك ئۇنى ئەقىل كۆز بىلەن!

غۇنچە
بوگون،
غۇنچە
ئەتە ـ كەلگۈسى،
غۇنچە — ئەۋلاد،
غۇنچە پارلاق ئىستىقبال!
غۇنچە — شادلىق،
غۇنچە غۇرۇر ـ ئىپتىخار،
غۇنچە كىرسىز،
تاپقۇسىدۇر بەركامال !

1986 ـ يىلى ئىيۇن، غۇلجا



# بۇلاق

كەلگىنىمدە بۇلاق بېشىغا،
مەھلىيا بوپ تۇرۇپ قالىمەن.
«بۇلدۇق ـ بۇلدۇق» قايناشلىرىغا،
قىزىقسىنىپ نەزەر سالىمەن.

سورىدىم مەن بىر كۆنى سوئال،
قاراپ بۇلاقنىڭ تىنىق كۆزىگە:
«چىقىسەنكىن قانداق كۈچ بىلەن،
يەر ئاستىدىن يەرنىڭ يۈزىگە؟»

جاۋاب قاتتى ئۇ ئويغاق بۇلاق،
«ئانا دىيار مېھرى بۇ بىلسەڭ؛
شۇ مېھرىسىز دەقىقە ئۆتمەي،
تامام قۇرۇيمەن
سىرىم ئىزدىسەڭ ...»

شۇندا قەلبىم نۇرلاندى بىردىن،
ئۇزدۇم تەپەككۇر دولقۇنلىرىدا.

ۋەتەن ـ ئەلنىڭ
ئوتلۇق سۆيگۈسى،
چېچەك ئاچسۇن مىسرالىرىمدا.

1984 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



# مەشرەپ

ئىسىل مىراس بىزگە قالغان ئەجدادتىن،
مىڭ كىتابلىق تەرىپى بار مەشرەپنىڭ.
جاھان ئارا شۆھرىتى بار،
داڭقى بار،
ئەل - يۇرت بىلەن ئۆلمەس ئۇلۇغ سەنئەتنىڭ!

ئاچساق تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ،
مەكتەپ ئىكەن مەشرەپ تالاي ئەجدادقا.
نادانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ،
ئىگە قىلغان دىيانەتكە،
ئەخلاققا.

ئاچساق تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ،
مەشرەپ ئىكەن ئالەمشۇمۇل بىر خەزىنە.
قائىدە - يوسۇن دۇردانىسى ئەجدادتىن،
ئەۋلادلارغا ئۇدۇم بولغان ئۇ مەنبە.

ئاچساق تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ،
مەشرەپ ئىچىدە قىزىپتىكەن بەزمىلەر.

ئادەت بولۇپ ئۇندا چالغۇ چالماقلىق،
كامال تاپقان
بېيىت،
قوشاق ...
نەزملەر!

مەشرەپ ئىكەن خەلقىمىزنى بىرلىككە،
چىن دوستلۇققا، ئىجىللىققا ئۆگەتكەن.
پىتنىخورغا دەككە بېرىپ ئەجەللىك،
كاززاپلىقنى، مەككارلىقنى تۇگەتكەن.

مەشرەپ ئىكەن تالاي تەنتەك - بۆۋەكنى،
ئادەم قىلىپ،
زېھىن بېرىپ ئوڭ قىلغان.
سۆڭەكلەرگە ئادىللىق ھەم پاكلىقنى سىڭدۈرۈپ،
ئەۋلادلارنى مەردانە،
باتۇر قىلىپ چوڭ قىلغان.

شۇڭا خەلقىم مەشرەپ دېسە شادلىنىپ،
تۇتىيادەك بىلەر ئۇنى قەدىرلەپ!
مەنمۇ ئۇنى ئۇلۇغلاپ،
دەيمەن سەنئەت قامۇسى،
مەدھىيەلەيمەن
ناخشامدا ئۇنى دىلدىن
ئەزىزلەپ!!!

1984 - يىلى سىنتەبىر، چاپچال

# تاغ

تاغ دېسەم سۆيۈنمەن دىلىم يايراپ،
كۆك تىرەپ تۇرغان مەغرۇر قامىتىدىن.
ئىپتىخار ھېس قىلىمەن، شادلىنىمەن،
تاغ
دېگەن بۈيۈك سۈپەت نام ـ ئېتىڭدىن!

تۇرىسەن ھەيۋەت بىلەن زېمىن دەسسەپ،
رىشتىڭنى چىگىپ ئاڭا تا ئەزەلدىن.
سېخىيسەن جاھان ئارا بىرلا ئۆزۈڭ،
تائامىڭ مېھمىنىڭغا بال ـ ھەسەلدىن.

كۈمۈش قار چاقناپ تۇرغان مەغرۇر بېشىڭ،
شاھتى كۆپ ئەسىرلىك كەچمىشىڭنىڭ.
گۇركىرەپ كۆكتىن چۈشكەن شارقىراتماڭ،
سىماسى ئالغان نەپەس ـ تىنىقىڭنىڭ.

قارا بۇلۇت تۇمانلارنىڭ دەھشىتىگە،
چوققىلىرىڭ ئالماس تىغ،
قايتماس خەنجەر،

پۈكۈلمەس قەددىڭ سېنىڭ جۈت ـ بوراندا،
تۈرسەن دائىم مەزمۇت، بەردەم،
قەيسەر!

كار قىلماس سېنىڭ جەسۇر سىياقىڭغا،
ھۆركىرىگەن بورانلارنىڭ ۋەھىمىسىمۇ.
قۇترىغان شىۋىرغانلار كۆمەلمىدى،
قامىتىڭنى كۆممەك بولۇپ قەستلىسىمۇ.

سەن غالىب،
مەڭگۈ ئۇلۇغ،
مەردانىسەن.
مۇشكۇللەر ئېگەلمەيدۇ قەددىڭ سېنىڭ.
ئاتالغان ساڭا سۆيگۈم —
ئىشقىم تامام،
ئايرىلماس سەندىن رىشتىم، جىسمىم مېنىڭ.

شۇ تاغقا ئوخشىتىمەن سېنى خەلقىم،
نە يازسام ھەقلىقتۇرمەن شەرىپىڭگە.
يازغىنى ئوغلىنىڭنىڭ قەسىدىسى،
يۈرەكتىن ئاتاپ سېنىڭ شەرىپىڭگە!

※ ※ ※

تاغ دېسەم سۆيۈنىمەن دىلىم يايراپ،
كۆك تىرەپ تۇرغان مەغرۇر قامىتىدىن!

شادلىنىمەن، بەختىيارمەن ئۆمرۈم بويى،
تاغ كەبى بۈيۈك سۆيەت
نام ـ ئېتىمدىن!

1986 ـ يىلى ئاپرېل، غۇلجا



## ھايات سۆيگۈسى

شېئىر ئەمەس، دوستۇم، بۇرۇن يازغىنىم،
بىر گۆدەكنىڭ تىنىقى يا كۈلكىسى.
خەلق ئۇستاز، تۇرمۇش مەنبە مەن ئۈچۈن،
ئەمدى ھەركىم ئىجادىمنى سۆيگۈسى.
ھەسەل ئىجاد ئەتكەن ئىشچان ھەرىلەر،
گۈلگە قونماي يىغقان ئەمەس شىرىنىنى،
ئۇ ياقتۇرماس سەيلە قىلىپ ئوينىشىپ،
يازدا كېلىپ قىشتا كەتكەن تۈرىنىنى.

قىشتا قارلىق داللارغا ئىز سالسام،
كۆكلەمدە كەڭ ئانا يۇرتنى كېزىمەن.
ھەر قەدەمدە كۆرۈپ يېڭى مۆجىزە،
پاك قەلبىمگە سۈرىتىنى سىزىمەن.
مومايلارنىڭ يۇرىكىنى تىڭشايمەن،
قوشاقچىسى ــ بالىسىمەن شۇلارنىڭ.
باشلىنىدۇ
شېئىرلىرىم،
كۈيلىرىم،
تامچىسىدىن شۇلار ئىچكەن سۇلارنىڭ.

كەلدى شۇ سۇ يىراقتىكى تاغلاردىن،
بوۋايلىرى چاپقان قانچە ئۆستەڭگە.
شۇ مېھنەتنى تەرىپلىدۇق ھەممىمىز،
كۆچەت بىخلاپ،
بوغداي،
قوناق ئۆسكەندە ...

داخىل بولۇپ سۆھبەتلەرنى تىڭشايمەن،
ھەر ئۆي ئارا ياتسىرىماس مېھمانمەن.
سۆيۈنىمەن قاداق باسقان قوللارغا،
شۇ قوللارنى
قىبلە
نىشان قىلغانمەن!

يىگىت - قىزلار ئانا ئەلنىڭ پەخرىدۇر،
شۇلار باركى، تولا مەشرەپ - توي دېگەن!
جۇۋانلىرى تارتتى مېنى ئۇسسۇلغا،
كار قىلمىدى،
«ئۇيىلىمەن، قوي» دېگەن.

مىسرالىرىم قەد كۆتۈرمەس شۇلارسىز،
بارچە ئىلھام ماڭا كېلەر شۇلاردىن.
ئىجادىمغا شۇلار چاۋاك چالمىسا،
چىقامدىمەن شېئىر يېزىپ خۇماردىن.

زارلىتالماس مېنى تومۇز ئىسسىقى،
ئېتىزدىمەن - دېھقانلارنىڭ يېنىدا.
ھەر مايسىغا ئۇزاقلاردىن ھەمراھمەن،
ئاۋازىم بار ھەر رەيھاننىڭ يېنىدا.

يۇلتۇز مۈگدەپ، تاڭ سۈزۈلدى - تاڭ ئاتتى،
تۈگەمدىغان ئولتۇرۇشلار - تۈنەكلەر.
مەن قوغۇنچى بوۋاي بىلەن دوست بولغان،
گۇۋاھ ئەنە بىز ئېگىشكەن چۆنەكلەر.

شارقىرىغان دەريالارنى بويلايمەن،
ھەم ئۈزىمەن دولقۇنلارنىڭ قوينىدا.
سوقما تاشنىڭ ئىزى قالدى مەن سوققان
سەھرادىكى تالاي باغنىڭ تېمىدا.

يازالماسمەن باراڭ كۆرمەي، باغ كۆرمەي،
داستىنىمدا يۇرت ھۆسنىنى تولۇقلاپ.
تېتىپ كۆردۈم ھەر ھۇجرىنىڭ شۇ سەۋەب
قايناپ تۇرغان چايلىرىنى پۇرۇقلاپ.

تاغدا بولدۇم چوپان بىلەن مۇڭداشتىم،
چالغا تۇتۇپ ئوتلاقلاردا ئوت چاپتىم.
يولدا بولدۇم كارۋانلارغا ھەمنەپەس،
تۈن - كېچىلەر دالالاردا ئوت ياقتىم.

بۆرە ئاتقان ئوۋچىلاردىن ئاڭلىدىم،
تالاي قىزىق ھېكايىلەر، داستانلار.
شۇلار ئىكەن قوغداپ قوينى بۆرىدىن
ئېگىز قارلىق چوققىلارنى باسقانلار.

شېئىرلىرىم كۆلگەنلەرگە جور ھەر دەم،
ئايلىنىدۇ يىغلىغاننىڭ ئەرزىگە.
ئۇلغىياركەن كۆلگەنلەرنىڭ ئاۋازى
يەتسەڭ ئەگەر يىغلىغاننىڭ دەردىگە.

كۆزەتتە مەن، قۇشلارنىمۇ كۆزىتىپ،
كۆندە سىرلىق تەبىئەتنى بايقايمەن.
ھايات دېگەن دەريا ئىكەن، مەن ئۇندا
ئىجادكارمەن، قۇمدىن ئالتۇن چايقايمەن!

زاۋۇتتىكى ھەر ئىشچىغا دىلكەشمەن،
مەن شاگىرت، ئۇلار مېنىڭ ئۇستازىم.
خاڭ تېگىدە كۆرۈپ گۆھەر ـ ئالتۇننى
ئانا يەرنى قۇچار ياڭراق ئاۋازىم!

شېئىر ئەمەس، دوستۇم، بۇرۇن يازغىنىم،
بىر گۆدەكنىڭ تىنىقى يا كۆلكىسى.
خەلق ئۇستاز، تۇرمۇش مەنبە مەن ئۇچۇن،
ئەمدى ھەركىم ئىجادىمنى سۆيگۇسى!

1984 ـ يىلى مارت، چاپچال

# دەريا ۋە مەن

دەريا ئويغاق
مەنمۇ ئويغاق،
دولقۇنلارغا سىرداشمەن.
دەريا مېھرى
سىڭگەن جىسمىمغا،
مەن ئۇنىڭغا
تومۇرداشمەن ـ دىلداشمەن!

1987 ـ يىلى مارت، غۇلجا



# ئارمىنىم

ئۆكۈنمەيمەن،
ئۆكۈنمەيمەن بىر ئۆمۈر،
ئەل مېنى
شائىر دېمىسە.
ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن ئانچە،
ئەجەل دېگەننىڭ يولى ئۆزگىچە.
ئۆلۈم بىلەن تەڭ
يازغانلىرىمنى
خەلقىم سۆيمىسە.
ئارمىنىم شۇ،
بەختىم شۇ مېنىڭ،
شېئىرلىرىم
مەڭگۈ ئۆلمىسە!

1987 ـ يىلى ئاپرېل، غۇلجا

# بۇرچ ئالدىدا

قارىسام، قارىسام،
ئوماق پەرزەنتلىرىمگە
كېلىدۇ زوقۇم.
ئۆرگۈلەي دەيمەن،
چۆرگۈلەي دەيمەن،
چۈچۈك تىلى،
تاتلىق قىلىقلىرىغا.
خىيال دېڭىزىدا
ئۈزىمەن ئۈزاق ...
ئويلايمەن
سىڭگەنغۇ ماڭا
ئاتا ـ ئانامنىڭ
ئالەمچە مېھرى...
لېكىن مەن
ئاقلىدىم قانچىلىك؟
باشلىدىممۇ سۇ،
ۋىجدان بۇرچۇمنىڭ
ئېرىقلىرىغا؟!

1987 ـ يىلى ئاپرېل، غۇلجا

# مەن ھاياتقا پەرۋانە

ھىلال ئايدەك ساھىبجامال بىر دىلبەر،
جىلۋە بىلەن قىيا باقتى قايرىلىپ.
ئوت تۇتاشتى مېنىڭ تۇيغۇن دىلىمغا،
قانداق ياشاي؟
مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ.

گۇل ھاياتنى شۇ دىلبەرگە ئوخشاتتىم،
شۇ سەۋەبتىن مەن ھاياتقا پەرۋانە.
ئەقىدەمدۇر چىن ئىنسان بوپ ياشىماق،
مۇشۇ يولدۇر
ماڭا مەنزىل، نىشانە!

1987 ـ يىلى ماي، غۇلجا

# ئارزۇيۇمنى سورىساڭ ئەگەر

ئارزۇيۇمنى سورىساڭ دوستۇم،
چاقماق بولۇش ئەمەس خىيالىم.
ياكى كۆكتە نۇر چېچىپ تۇرغان،
يۇلتۇز بولۇش ئەمەستۇر دائىم.

بولسام دەيمەن نۇرنىڭ زەررىسى،
ھەر كۆلبىنىڭ بۇرجەكلىرىدە.
بەختىم ئىدى سىڭىپلا كەتسەم،
ياخشىلارنىڭ تىلەكلىرىگە!

1987 ـ يىلى مارت، غۇلجا



# ئۈچ كۆرۈنۈش

## 1 ـ كۆرۈنۈش

ئەجەب ھال!
بىر كىشى ئېگىلدى، گويا
بەئەينى ئوقيانىڭ كىرىچى مىسال.
تەئەججۈپ ئىلكىدە قالدىم تېڭىرقاپ،
نە ئۈچۈن؟
ئۆزۈمگە قويدۇم مەن سوئال.

## 2 ـ كۆرۈنۈش

گىدەيدى بىرسى بەك ھەيۋەت،
ھەيھات!
ئۆزگىچە پەلەككە تاقاشتى بېشى.
قوللىرى كەينىدە، تۇرار غادىيىپ،
سېزىدۇ ئۆزىنى يوقتەك تەڭدىشى.

3 ـ كۆرۈنۈش

تۇرىدۇ بىر كىشى كۆزلىرى نۇرلۇق،
چېھرىدە تەبەسسۇم، كۈلكە نامايان!
ئېگىلىش،
گىدىيىش،
ياتتۇر جىسمىغا،
ئۇ ساپ،
پاك خىسلەتلىك ھەقىقىي ئىنسان!

1987 ـ يىلى ئىيۇن، غۇلجا



# ياشلىقىم

غۇبارسىز گۈل بەرگى گۈزەل ياشلىقىم،
قۇياشنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرى سۆيگەن.
سىر دىششىپ ھاياتنىڭ دىلبىرى بىلەن،
ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېلىنجاپ كۆيگەن.

ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېلىنجاپ كۆيگەن،
ئارزۇغا، ھېسلارغا باي سەن ياشلىقىم!
سەن ناخشام،
سەن كۈيۈم
زەپمۇ يېقىملىق،
دىل سۆيگەن ئامرىقىم —
قەلەم قاشلىقىم !!!

دىل سۆيگەن ئامرىقىم —
قەلەم قاشلىقىم،
ئات سالغان ھاياتلىق بەيگىسىگە سەن.
كېلىسەن سۆيگۈنىڭ ناخشىسىنى تووۇلاپ،
كۆتۈرۈپ ئەڭ ياڭراق
ئەۋجىسىگە سەن!

كۆتۈرۈپ شۇ ناخشىنى سەن ئەۋجىگە،
كېلىسەن مېنىڭ گۈلدەك ئۈز ياشلىقىم.
سۆيىمەن
سېنى دىلدىن قەدىرلەيمەن،
سەن ھايات مۇقەددىمەم،
دىل شادلىقىم.

1987 ـ يىلى ئىيۇن، غۇلجا



# مېنىڭ ناخشام

ناخشا ياڭرىتىپ يىللار قوينىدا،
ئەجداد ئىزىدىن مېڭىپ كېلىمەن.
ھاياتلىققا باغلاپ مۇھەببەت،
دىلغا مېھرىنى تېڭىپ كېلىمەن.

بەخت نېمە،
چىن سۆيگۈ نېمە؟
ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىپ كېلىمەن.
بىز دېگەن ئىنسان، ئېسىلزات ئەسلى،
بۇنى مىسراغا تىزىپ كېلىمەن.

ئادەمسىز تەۋرىمەس نى ئۇلۇغ ئىشلار،
ئىنسانلار دۇنياغا مۇستەھكەم كۆۋرۈك.
ئۆتەمسىز؟
خاتىرجەم كېلىۋېرىڭ سىز،
شۇلارغۇ دەرياغا سالغانلار كۆۋرۈك.

گۇلباغلار ھەققىدە بولۇپ قالسا سۆز،
بۇلبۇلدەك خەندان سايراپ كېتىمىز.

ھەر كۆچەت ئىشقىدا كۆيگەن باغۋەننىڭ،
قەدرىگە بىز قاچان، قاچان يېتىمىز؟!

ياڭراتتىم يۈرەكتىن بىر ئوتلۇق ناخشا،
ئىنسانلار شەنىگە ئوقۇلغان قوشاق.
ئۇرغۇيدۇ دىلىمدا مۇنداق بىر سۆيگۈ،
ئىنسانىيەت، ئىنسانغا باغلا ئىشتىياق!

1987 ـ يىلى ماي، غۇلجا



# ئانا

تەۋەللۇت ئەيلىدىڭ،
جىسمىڭدىن،
يورۇق دۇنياغا.
نۇر بۆشۈكىگە
بۆلىدىڭ مېنى.
مەن ئۇچۇن
بولۇپ سەدپارە،
مېھرىڭ يۆگىكىگە
يۆگىدىڭ مېنى.
كۈندۈز ـ كېچە
ئالماستىن ئارام.
كۆيدۈڭ مەن ئۈچۈن
بەجايىكى
گۈلخاندەك يېنىپ!
يېتىلدىم،
ئۆسۈپ ئوڭ بولدۇم
سېنىڭ مېھرىڭگە،
ئاق سۈتۈڭگە
مەن شۈنچە قېنىپ!!!

سېنىڭ مېھرىڭ،
سېنىڭ ئەجرىڭ،
سېنىڭ قەرزىڭ،
زىممەمدە مېنىڭ.
قانداقچە ئۇنتۇي مەن،
ئۇنىڭدىن تېنىپ؟!
ئوغلۇڭمەن،
يۈرەك - پارەڭمەن.
سېنىڭ يۈكسەك
پاك خىسلىتىڭ،
سىڭگەن جىسمىمغا.
ئاقلايمەن بۇرچۇمنى،
مەردانە ئوغلىنىڭمەن،
ئۆمۈرۋايەت
سېنىڭ پاك مېھرىڭنى،
دىلىمغا تېڭىپ!!!

1989 - يىلى دېكابىر، چاپچال

## ئىقبالىم سىلەر ...

قەسىرلىرىمنىڭ چىرىغى سىلەر،
ئىز، ھاياتىم، ۋارىسى سىلەر.

قىيغىتىشىپ يۈرسەڭلار خۇشال،
سۈزۈلىدۇ دىل تۇمانلىرىم.
«چۇرۇق - چۇرۇق» تۇرساڭلار سايراپ،
كېتەر تارقاپ غەم - پىغانلىرىم.

سىلەر رىشتە ھەر كۈن ئۆيۈمدە،
ئېچىل ئۆتكەن ئىناقلىقتىكى.
قەبرىگە گەر كۆمۈلسەم بىر كۈن،
كۆزۈم سىلەر ھاياتلىقتىكى.

سەدپارىمەن سىلەردە غېمىم،
ئۆتۈپتىكەن بوۋاممۇ شۇنداق!

ئۆتۈپتىكەن موماممۇ شۇنداق،
ئۆتۈپتىكەن ئاتاممۇ شۇنداق؛
ھەم ئۆتمەكتە ئاناممۇ شۇنداق،
ۋە ئۆتمەكتە ئاناڭلار شۇنداق!

بىرىڭلار چولپان سۇبھىدە كۈلگەن،
بىرىڭلار ئاي ئايدىڭ كېچىدە.
بىرىڭلار ئەنە، يۇلتۇز مىسالى،
جىمىرلاپ تۇرغان دىلىم كۆكىدە.

ئۆيۈم قۇرۇق دەپ قىسىلمايمەن ھېچ،
سىلەر سارىيىم، تۆرىمگە بېزەك.
ئىزسىزلىقىمدىن قىلمايمەن ئەندىشە،
ئىزلىرىم ئۇلاش سىلەرگە كېزەك.

تەنبىھلىسەم گېزى كەلگەندە،
چوققىلارنى كۆرسەتتى دەڭلار؛
كايىپ قويسام ياكى مۆرىتىدە،
مەنزىللەرگە ئۈندەپتۇ دەڭلار ...

ھاياتلىقىمنىڭ رەڭدار چېچىكى،
شادلىقىم سىلەر بايراملاردىكى!
تۇلپىرىم سىلەر بەيگىگە قويسام،
كارىپىم سىلەر قايناملاردىكى.

سەپەرلەر تامان تاشلىسام نەزەر،
غۇرۇرۇم سىلەر كارۋانلاردىكى!
سۇبھىگە باقسام زوقلىنىپ خۇش چاغ،
ئىقبالىم سىلەر ئارمانلاردىكى !!!

1988 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال

## غۇرۇر بىلەن ياشايمەن

بىر ئىنساننىڭ پۇشتىمەن،
بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان.
غۇرۇر بىلەن تۇغۇلدۇم،
غۇرۇر بىلەن ياشايمەن.
ئەجدادىمدىن ئۇدۇمدۇر،
چىن ئىنسان بوپ ياشىماق.
تاللىۋالغان يولۇم شۇ،
ئۇندىن قانداق تانىمەن؟!

ئىرادەمنى تاۋلىدىم،
ھايات ئاتلىق پىچ ئىچرە.
ۋەسۋەسە ھەم غەملەرگە،
ھەرگىز بويۇن ئەگمەيمەن.
تومۇرۇمدا ئۇرغۇيدۇ،
جاسارەتنىڭ قانلىرى.
ئەل ئىشقىدا شۇڭقاردەك،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلەيمەن.

ئۇرۇپ پەرياد ـ نالە قىپ،
زارلانمايمەنمەن ھېچقاچان.

مۇكچەيمەيمەن ھەتتا،
تاغ باسسىمۇ يەلكەمنى.
ھايات چەكسىز بىر دېڭىز،
مەن يۈرىمەن سەپەردە.
دولقۇنلاردىن ھېيىقىپ،
چۆشۈرمەيمەن يەلكەننى.

تاپانلىرىم تېلىنسا،
ئالغا ماڭغان يولۇمدا؛
ۋايسىمايمەن قىلچىمۇ،
مەنزىلىمگە يەتمەستىن.
بىر دەقىقە تىنىقىم،
بولسا تەندە مۇبادا؛
ئىلگىرىلەيمەن توختىماي،
پۇشايمان ـ ئەلەم چەكمەستىن.

يېلىنمايمەن بىراۋغا،
تىزىم پۈكۈپ قۇللارچە.
چۈنكى ۋىجدان غۇرۇرۇم،
ئەمەس ئۇنداق بەك چۈپەي!
«ئېگىلمىسەڭ باش كېتەر»
دېسە شەيتان ئازدۇرۇپ،
«كەچتىم جاندىن» دەيمەنكى،
ئۆزۈم شۇنداق تىك ئۆتەي !

بۇ دۇنياغا تۆرەلدىم،
ئۆستۇم مەغرۇر ئوغلان بوپ.
قىلالمايدۇ ھېچكىممۇ،
غۇرۇرۇمنى دەپسەندە.
«تۈلكە» نەيرەڭ ئوينىتىپ،
ئالالمايدۇ زەررە نەپ.
بولار ئاخىر ئالەمگە،
راسا رەسۋا ـ شەرمەندە.

غۇرۇر سىڭگەن ۋۇجۇدقا،
ئانام ياققان ئوت بىلەن.
غۇرۇر ئۆسكەن جىسمىمدا،
ئانام بەرگەن سۈت بىلەن.
خۇشاللىقىم ھەم بەختىم،
جىلۋە قىلار چېھرىمدە.
مەن مەغرۇرمەن ئەبەدىي،
خەلقىم بەرگەن قۇت بىلەن !

ئۇمىدىمنى، ئىشقىمنى،
ھاياتلىقتا ئەر ئۆمرى؛
سۇبھىي كەبى پاك سۇزۇك،
ئارمانلارغا ئاتايمەن!
شۇ پاكلىقتا كۆرۈنەر،

زۇمرەتتەك بىر كەڭ دۇنيا.
غۇرۇر ئوتلۇق نۇرۇڭدا،
ئۇچقۇن بولۇپ چاقنايمەن.

1988 ـ يىلى ئۆكتەبىر، غۇلجا



# ئۇخلىماڭلار ھېسلىرىم

يىللار ئۆتەر تىنىمسىز،
گويا ئۇچقۇر شامالدەك.
تەقسىماتى ـ بەرگىنى،
ئوخشىمايدۇ ھەركىمگە.
ۋاقىت قەدرىنى بىلگەنلەر،
ئالدى مېۋە ــ نېسىۋە.
بىلمىگەنلەر يىغلايدۇ،
ھەسرەت بىلەن ئەلەمدە.

ۋاقىت شۇنداق رەھىمسىز،
توختىمايدۇ دەقىقە.
ياندۇرالماس ئارقىغا،
ئىلتىجامۇ، دۇئامۇ.
ئويلاپ كۆردۈم ئولتۇرۇپ،
دەڭسەپ ئۆتكەن ھەر كۈننى،
يىللار ماڭا بەرگىنى،
مۇكاپاتمۇ، جازامۇ؟!

ئىزتىراپقا چۆشمەن،
خىجالەتتىن بەزىدە.
نېمە بەردىم خەلقىمگە،
نېمە بەردىم ئەۋلادقا؟!
ئويلىنىمەن خىيالچان،
تۈننى ئۇلاپ سۈبھىگە.
ئۆز ۋىجدانىم بۇرچۇمنى،
تارتىپ بۇندا سوراققا.

ھايات ئۆزى تەربىيەلەپ،
ئادەم قىلار ئادەمنى؛
سىناق ئېلىپ ھەرقاچان،
ھەر تامانغا ئۇزىتىپ.
ماڭغان يولۇڭ قانداق يول؟!
قانداق خىسلەت سەندىكى؟!
قالار باسقان ئىزىڭنى،
سانسىز كۆزلەر كۆزىتىپ ...

ئۆتەر ئىكەن كۈن دېگەن،
بىر ئۆزۈڭنى ئويلىساڭ.
تويسا قورساق كېكىرىپ،
يانپاشلىساڭ، ئۇخلىساڭ!
سۇلتان بىلىپ ئۆزۈڭنى،
قېتىۋالساڭ گىدىيىپ؛

ئاۋام يىغلاپ ـ قاقشىسا،
سەن بىلمىسەڭ ـ ئوقمىساڭ !!!

بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان،
كېتىپ بارغان قەلەندەر؛
ئومۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدتە،
ھايات دەيدۇ، ياشايدۇ.
نېمە سەۋەب؟ سالغاندۇ
ئاشۇ كويغا ئويلىسام،
خىياللاردىن ئەلەم ـ دەرد،
دىلدا دولقۇن ياسايدۇ ...

ھايات مېنى تاۋلىدى،
ئىرادەمنى، ئېڭىمنى.
ئەقىل تاپتىم ئۇلغايدىم،
ئۆتۈپ قانچە كېچىكتىن.
كەلدىم ئەمدى ھوشۇمغا،
سەگىپ غەپلەت ـ ئۇيقۇدىن؛
سوراپ قالساڭ سەۋەبى
قاتتىق «پەشۋا ـ تېپىكتىن».

دەرمان بولسام دەردىگە،
يىغلىغانغا ھاي بېرىپ.
بولسام كاشكى ئۇسسۇلۇق،
چاڭقىغاننىڭ دىلىغا!

شۇندا ئارمان كۆلەتتى،
قاق ـ قاق ئۇرۇپ خەندانە،
شادلىقلىرىم بولۇپ سەل،
سىغماي يۈرەك قېتىغا !!!

شۇڭا ۋىجدان بۇيرۇقى،
قايناپ يۈرەك قېتىدىن.
ئىشلە دەيدۇ: ئەل ئۈچۈن!
مەدەت بېرىپ جىسمىمغا.
ئەلنىڭ ئوغلى بولامسەن،
ئەل تىلىكىنى بىلمىسەڭ؛
ئويلاپ چوڭقۇر بۇنى سەن،
دەيدۇ سىلىپ ئېسىمگە.

ئاشۇ بۇيرۇق ئال، دېدى،
يېڭىپ مۈشكۈل تېغىنى؛
قادا دېدى چوققىغا،
بايرىقىنى زەپەرنىڭ!
باقما دېدى ئارقىڭغا،
ۋەھىمىلىك كۆز تىكىپ؛
بايراقچىسى بول دېدى
يۈرۈشلەرنىڭ ـ سەپەرنىڭ !!!

مۆگدىمەڭلار پىكىرلەر،
باش قەسىرىمدە ماجالسىز.

جۇشقۇن تېرەن بولۇڭلار،
سەگەك،
زېرەك،
يېقىملىق.
ئۇخلىماڭلار ھېسلىرىم،
ئىلھام بېرىپ قەلبىمگە؛
خۇددى تاشقان سەل كەبى،
ئۆركەش ـ ئۆركەش ئېقىنلىق.

روشەن بولغىن كۆزلىرىم،
خىرەلىككە قويۇپ چەك؛
تارتىۋالغىن يىللارنىڭ،
كارتىنىسى ئەينەن ـ نەق.
ئايرىۋالغىن قولىقىم،
ھەق بىلەن شۇم ناھەقنى.
سۆزلىگىن سەن تىللىرىم،
مەڭگۇ قەيسەر لىللا ـ ھەق.

سەن يۆلىگىن قوللىرىم،
يىقىلغاننى ھەر يەردە.
يۇگۇرە ـ يۇگۇرە پۇتلىرىم،
ھاردىم دېمەي كۆپ ئۇچۇن.
ئايرىلغاننى ئەي ئىنسان!
ئۇندە ھەر دەم ئۇيۇش دەپ.

يېرىم كۆڭۈل بولغاندىن،
كۆپ ئەۋزەلدۇر تەل - پۇتۇن.

ۋاقىت قەدرىنى بىل دەيمەن،
خىتاب قىلىپ ئۆزۈمگە؛
چىن ئىنسان بول مەردانە،
ياشا ئەبەد بىغۇبار !!!
بەخت دېگەن ئۆزگىگە،
تەمە قىلماي مىننەتسىز.
شۇندا قىلغان ئەجرىڭگە،
بارىكاللا ئالقىشى يار !!!

1989 - يىلى يانۋار، چاپچال



## تىلەك

تولۇپ كەتسۇن ياخشىغا،
نۇرلۇق گۈزەل بۇ ئالەم.
زىننىتى ھەم كۆركى بوپ،
دىللار سۆيگەن ھاياتىمىڭ.
يەكۈنى شۇ قەدىمدىن،
ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشى.
مېنىڭ ئۇچۇن مۇقەددەس،
دىلغا سىڭگەن ساۋاقىمىڭ.

ئاۋۇپ كەتسە ياخشىلار،
پاكلىنىدۇ دۇنيامۇ.
كۆرەر كۆز يوق رەزىللىك،
كۆيۈپ يىتسۇن ئۇ تامام.
سۆيۈنىدۇ كۆڭۈللەر،
ئاپتاپ كۆرگەن مايسىدەك.
ياخشى خىسلەت، پاك ئەخلاق،
ساڭا ھۆرمەت ـ ئەسسالام!

سىلەر تىرەك ھەم شوتا،
چوققىلارغا ماڭسا كىم.
ھەمدە ئەقىل بەرگۈچى،
مەنزىللەردە بوپ سىرداش.
چىن ئىنسانلىق خىسلىتى،
جىسمىڭلارغا مۇجەسسەم؛
پاك قەلبىڭلار سىلەرنىڭ،
گويا سېخىي بىر قۇياش.

ھاياتلىقنىڭ بۇ يۈگۈرۈك،
بەيگىسىدە بار سىلەر.
ئوزۇغانلارغا تىلەكداش،
قالغانلارغا ھەيدەكچى.
شادلىقىغا بايرامدەك،
سىلەر ئورتاق مەركىدە؛
ئوتتوز ئوغۇل يىغىلغان،
مەشرەپلەردە يېتەكچى.

توي قىزىتسا قىز ـ يىگىت،
ۋىسال تېپىپ سۆيگۈدىن؛
ناخشىچىسى،
كۈيچىسى،
بولىسىلەر تويلارنىڭ.
شۇڭا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام،
ھەر يۈرەكتە سىلەرگە.

مەزمۇنىدۇر ئىشتىلار،
ھەر ناخشىنىڭ، كۈيلەرنىڭ.

بولۇپ قالسا ھەمسۆھبەت،
كىمكى ئەگەر سىلەرگە؛
تەرىپلەيدۇ قەدىرلەپ،
ئەزىزلەيدۇ يۈرەكتىن.
چىنپۈتمىسەڭ بۇ گەپكە،
قېنى دوستۇم، سوراپ باق!
خىزىر سۈپەت مويسىپىت،
غۇبارسىز پاك گۆدەكتىن.

تەرىپى كۆپ ياخشىلار،
شەنىڭلەرگە يۈرەكنىڭ.
گۈل قويدۇڭلار باغلارغا،
شۇغۇ ھايات مىزانى.
قويغان كۆچەت بىخ سۈرگەي،
ياخشى پەرۋىش - كۈتۈمدىن؛
باغۋەنلەرنىڭ كۆڭلى شاد،
كۈلۈپ ئارزۇ - ئارمىنى.

تىلىكىم شۇ! ياخشىلار،
گۈللەڭ - ياشناڭ مەڭگۈگە.
كۆركى بولۇپ، تاجى بوپ،
بۇ بىپايان ئالەمنىڭ!

ئىزى قالار كۆمۈلمەس،
ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەر.
ئىنسانلارنى، ھاياتنى،
دىلدىن سۆيگەن ئادەمنىڭ !!!

1989 ـ يىلى ئىيۇن، چاپچال



## تاڭلار رىغبەت ـ ئىلھام بەرگەن دىللارغا

مەن كىلىمەن كارۋىنىدا ھاياتنىڭ،
قىرىق ئۇچلۇك مۇساپە بۇ، مەن باسقان.
قالدى ئارتتا گاھى روشەن، گىرىمسەن،
قانچە جىرا، قانچە داۋان مەن ئاشقان.

شۇ سەپەردە سەبىيلىكنىڭ ئىزلىرى،
خاتىرىسى تاڭدەك گۈزەل چاغلارنىڭ.
ئۇنتۇلامدۇ غەيۇرلۇقنىڭ سىماسى،
(مەغۇرۇرلۇقتا چوققىسىدۇر تاغلارنىڭ.)

شۇڭقارلىقنىڭ ئىزلىرى بار ئۇنتۇلماس،
قىرىق باھار چېچەك ئاچقان باغلاردا.
قىرىق يازنىڭ ئايدىڭلىرى ئۇلانغان،
ئاي ھەم يۇلتۇز
ھەمراھ چولپان تاڭلارغا!

قىرىق كۈزمۇ ئۆتتى قوغلاپ بىر ـ بىرىنى،
ھوسۇل بەردى بەزى كۆپلەپ،
بەزەن ئاز.

ئۆتۈپ كەتتى قەھرىتانلىق قىرىق قىش،
ئويناپ مەشرەپ،
چېلىپ خۇشال نەغمە ـ ساز.

مەنزىلگىمۇ باي ئىكەن بۇ يول سەپەر،
گاھ كۆلدۈرۈپ، گاھ كۆزۈڭنى ياشلىغان.
قىياس قىلساڭ قىسمەتلىرى ئاجايىپ،
سېنى مازار، دەشت ـ چۆلگە تاشلىغان.

قىلساڭ قىياس ۋە بەزىدە ئىت كەبى،
تالاشتۇرار بىر ـ بىرگە ئىنسانىنى.
ھەمراھىنى تاشلاپ قاچقان نادانلار،
قايدىن تاپقاي نۇر تۆكۈلگەن ئېھسانىنى؟!

تاڭلار رىغبەت ـ ئىلھام بەرگەن دىللارغا،
ئۈمىد: نۇرلۇق چوققىلارغا يۈر، دېگەن!
سۇبھىي دەمدە بۇلۇت يايسا ئىس ـ تۈتەك،
ۋىسال نۇرلۇق،
مەنزىل يىراق كۆر، دېگەن!

شۇ سەپەردە بەردىم تالاي تالاپەت،
دۈچ كەلگەچكە كۈلپەت ناملىق قىيالار.
توختىمىدىم ئىلاجىسىز باش ئېگىپ،
كۆرۈنگەچكە ئالتۇندەك نۇر ـ زىيالار.

ئۆتۈپ كەلدىم شۇ سەپەردە مەردلەردەك،
ئىز چۈشمىگەن قانچە يوتا،
بەللەردىن.
ھېيىقمىدىم دولقۇنلاردا تەمتىرەپ،
ئۆتتۈم بوسۇپ لايىقىپ ئاققان سەللەردىن.

تەقدىرىمنى ئۆز قولۇمدا چىڭ تۇتتۇم،
مەرىپەتكە دىل ئىشقىمنى چىڭ چىگىپ.
ئۇندىن ئەقىل،
بەختىم تاپتىم ھەم ۋىسال،
ئىجتىھاتتا ئىزدىنىشتىن چۆل كېزىپ!

تەقدىرىمنى ئۆز قولۇمدا چىڭ تۇتتۇم،
تەسلىم بولدى شىجائەتكە مۇشەققەت.
ئىنسان دېگەن ئەخلاق بىلەن ئىنسانكەن،
ئاڭا دىلدىن قايتار سۆيگۈ –
مۇھەببەت!

بىلىم بىلەن نۇرلىناركەن ئىنساننىڭ،
ئىقبال سۆيگەن، ۋىسال تاپقان ھاياتى!
ئۆملۈككىمۇ قان – گۆشتەك چىڭ باغلانغان،
راۋاج تاپار،
ياكى زاۋال – ماماتى !

ئويلايلى بىز بۇنى دوستۇم ھەرقاچان،
ھايات بەرگەن،
ئەجداد بەرگەن
ساۋاق بۇ!
بىرلىك دېگەن، ئىلىم دېگەن مىللەتچۇن،
چېقىلماس بىر گۆھەر،
ئالتۇن تاۋاق ئۇ !

شۇڭا ئۆملۈك، ئىلىم بىلەن ياشايلۇق،
ئەجداد روھى كۈلۈپ بىزدىن شادلانسۇن.
ئەۋلادلارمۇ مەمنۇن بولۇپ پەر قېقىپ،
ئىلىم بىلەن مارسلارغا ئات سالسۇن.

مەن كېلىمەن كارۋىنىدا ھاياتنىڭ،
قىرىق ئۇچلۇك مۇساپە بۇ، مەن باسقان.
ئۆملۈك بىلەن،
بىلىم بىلەن ياشايلۇق،
ئىقبال كۈلۈپ،
بەخت بىزگە يۈز ئاچقان!

1990 ـ يىلى يانۋار، چاپچال

# تۇي ئوينار ۋۇجۇدتا زارىققان ۋىسال

ناگاھلار تاشلىساڭ تىترەيدۇ يۈرەك،
تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ كۆلگۈن تولۇن ئاي!
بۆلۈتلار كەينىگە مۆكۈنسەڭ گاھى،
يۇلتۇزلار ھەسرەتتە ياش تۆكەر تىنماي.

سامانىڭ ھۆرلىرى كەلسە ئۆزىتىپ،
ھىجران ئازابىنى ئۇنتۇردۇم دەرھال.
ئالتۇن قۇببىلىك ھۇجرامدا بۇ دەم،
تۇي ئوينار ۋۇجۇدتا
زارىققان ۋىسال !

1990 ـ يىلى ماي، چاپچال



# يۈرىكىم ئېيتقىن دەيدۇ شۇنداق ناخشا

يۈرىكىم ئېيتقىن دەيدۇ شۇنداق ناخشا،
جور بولۇپ ناخشىلارغا تۇغۇلغانسەن.
ئالدىماس سېنى ھەسرەت تىنىقلىرى،
ئەل سۆيەر ئوغلان بولۇپ تونۇلغانسەن.

يۈرىكىم ئېيتقىن دەيدۇ شۇنداق ناخشا،
تىل بىلەن دىلى ئوخشاش ئىنسان بول، دەپ،
يۈرەكتىن ئوق يېسەڭمۇ ئېلىڭ ئۈچۈن،
كۈلۈپ كەت،
مەردانىگە
بىرلا بول، دەپ
ئۈنتۇما دېھقىنىڭنىڭ ئاق نېنىنى،
ساڭا چاي،
ساڭا توي ھەم
مەشرەپ بەرگەن!
ئالتە ئاي ياز تومۇز دىمەي، جۇدۇن دىمەي،
خاماندا ساڭا بۇغداي چەشلەپ بەرگەن.

يۈرىكىم ئېيتقىن دەيدۇ شۇنداق ناخشا،
ئىقبالىنىڭ قۇچاقلىرى كۈتەر سېنى!
ئەلگە چىن مۇڭداش بولساڭ،
سىرداش بولساڭ،
بېھىشنىڭ ھۆر قىزلىرى ئۆپەر سېنى.

ھەسەتتىن ئۆرە بولغان چولاق تاملار،
ئىزناسىز قالار چوقۇم، زېمىن كۈلەر!
يۈرتۋازلىق قاشالىرى كۆيۈپ كەتسۇن،
ئانا ئەل،
ئانا خەلقىڭ يۈزۈڭ سۆيەر.

گۈل تۇتقان پاكلىق ئوغلى مۇھەببەت،
ئاخشاملار تېۋىنغان شۇ سۈبھىلەرگە.
بۈگۈننىڭ شېرىن چۈشى گۈزەل ئەتە،
نىگاردەك تولغان ئوتلۇق جىلۋىلەرگە.

يۈرىكىم ئېيتقىن دەيدۇ شۇنداق ناخشا،
ساداسى چاقماق بولۇپ
بۇلۇت يارغان!
پاكلانسا رەزىللىكتىن پۈتكۈل ئالەم،
شادلىقتىن مەستخۇش بولۇپ
كۈلەر ئارمان!

(قاينۇق يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتە ئوقۇلغان)

1994 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال قاينۇق

## ساغلا ھۆرمەت

مەن سۆيەي «مۇبارەك» دەپ دېھقان ئاكا،
سېنىڭ شۇ جۇپ قولۇڭغا قاداق باسقان!
مەن سۆيەي جۇپ قولۇڭغا گۈل سۆيگەندەك،
جان بېرىپ ھاياتلىققا رىشتە چاتقان !

يەر ھەيدەپ ئۇرۇق چاچتىڭ ئېتىزلارغا،
سەن ئاچتىڭ رىزقى يول ھاياتلىققا.
ئىشلەيسەن تېنىم تاپماي ھوسۇل ئۈچۈن،
چەك قويۇپ قەھەتچىلىك ـ ماماتلىققا.

ساڭىلا باغلىق ئىكەن ئويلاپ كۆرسەم،
ئۆيلەرنىڭ،
بۇ دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى.
مەنسۇپتۇر ساڭا يەنە ۋىجدان سۆزۈم،
خەلقنىڭ قۇۋناقلىقى ھەم شادلىقى.

بەرىكەت ياغدۇرىسەن تىرىكلىككە،
مولچىلىق ئاتا قىلىپ سەن خەلققە.

ئۇلۇغسەن مېھنىتىڭدىن ئۆمۈر بويى،
ساڭا ئالقىش،
ساڭا ھۆرمەت،
ھەر قەلبدە!

مەن سۆيەي «مۇبارەك» دەپ دېھقان ئاكا،
ئالتۇندەك قولىرىڭغا قاداق باسقان!
مەن سۆيەي جۇپ قولۇڭغا يېنىپ - يېنىپ،
جان بېرىپ ھاياتلىققا
چىراغ باققان !

1988 - يىلى ئاپرېل، غۇلجا



# تېپىۋالدىم ئۆزۈم يولۇمنى

كۆڭلۈم يېقىن دەيتتىڭ يېنىشلاپ،
گاھى ئاشكارا، گاھىدا پىنھان.
كۈلۈپ تۇرۇپ يېڭىلدۇرۇپسەن،
شۇنداق سېھىرلىك ئىدىڭ سەن قاچان؟

ئاق كۆڭۈل دەپ ئۆزۈمگە ئوخشاش،
ئىشىنىپتىمەن كۈلكىلىرىڭگە.
بىلمەپتىمەن ئىچىڭدىكىنى،
ئالدىنىپتىمەن تۈلكىلىكىڭگە.

ھەسرەت چەكمەيمەن قىلچە ئاھ ئۇرۇپ،
چوڭقۇر ساۋاق ئالدىم يەتكۈدەك.
تونۇۋالدىم دوست كىم، دۈشمەن كىم،
ئىنسان شۇنداق ئەقىل تاپقۇدەك.

1973 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال

## ئادالەت ئالەمدە ئۇلۇغ تەڭداشسىز

ئادالەت يېڭىلمەس، ئادالەت غالىب،
بولماڭكى بۇنىڭغا زەررىچە ھەيران.
ئادالەت شەمشىرى سۇنمايدۇ مەڭگۈ،
ئادالەت نوتىسى بولىدۇ ئورمان.

ئادالەت مېھرىلا ئۇلۇغ تەڭداشسىز،
سۆيۈنەر ئۇنىڭدىن مىدىرلىغان جان.
قۇياشتەك ھارارەت ئاڭا مۇجەسسەم،
ئىللىيدۇ تەپتىدىن كائىنات ھەر ئان!

1974 ـ يىلى ماي، چاپچال



# غەزەپ

پارتلايسەن يانارتاغدەك گۈلدۈرلەپ،
بەس كېلەلمەي قەھرىڭ تۇتسا ئۆزۈڭگە.
ھەيۋەڭ سېنىڭ جەھلى تۇتقان جەبرائىل،
يېنىكلىكتۇر ساڭا دائىم كۆنەلگە[1].

1975 ـ يىلى ماي، چاپچال



① كۆنەلگە ــ ئېچىتقۇ مەنىسىدە.

# چىن دوستلۇق

قورام تاش مۇستەھكەم زېمىننى سۆيگەن،
زېمىستان،
جۇت ـ بوران تەۋرىتەلمەس ھېچ!
تەۋرىمەس پىتنىلەر كۆتۈرسە غوۋغا،
ھەتتاكى
جەبرائىل تەڭلىسە قىلىچ !!!

1976 ـ يىلى ئىيۇن، چاپچال



# شادلىق

كۆرۈندۈ سۈپسۈزۈك،
زۇمرەت كەبى كەڭ ئاسمان.
كۆكتىن گويا شۇ تاپقان،
ئالتۇن زىبا ـ نۇر ياغقان!
چاڭ ـ غۇبارسىز كەڭ ئۇپۇق،
جىلۋىنەر سۇبھىدەك؛
پارلاپ قۇياش بەجايىكى،
كۈلۈپ گۈزەل تاڭ ئاتقان !!!

1977 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال



# ئويغان، يىگىت

چىرايىڭ زەپمۇ ئىللىق، پاك غۇبارسىز،
كۆرۈنىسەن بەك يېقىشلىق، «ئوبدان يىگىت»
ئىسمىڭ، بىراق مەشغۇلاتىڭ تۆت ئوشۇقكەن،
زايە قىپسەن ياشلىقىڭنى نادان يىگىت.

سەزمىدىڭمۇ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ،
بېشىنى چايقاپ، سوغۇق نەزەر سالغىنىنى؛
كۆرمىدىڭمۇ بىقىنىڭدىن ئۆتۈۋاتقان،
تەڭتۇشلىرىڭ بىلىم ئېلىپ يانغىنىنى؟!

بىلىم ئېلىش ساڭا شۇنچە تەس كەلدىمۇ،
ئۇنى تاشلاپ مۇشۇ ئىشقا يېپىشقۇدەك.
مەكتەپتىكى دوستلىرىڭدىن ئۈزۈپ رىشتە،
بۇ دوقمۇشتا تۆتى بىلەن تېپىشقۇدەك.

ئېلىپ ماڭدى سېنى نەگە،
قانداق يولغا
غەپلەت ئىچرە سەن تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟

ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنى، نادان يىگىت،
گۆلدەك
گۈزەل ياشلىقىڭغا تېگىشتىمۇ؟!

ئات بېشىدەك ئالتۇن بەرسەڭمۇ گەر،
يېنىپ كەلمەس ئۆتكەن ئۆمرۈڭ —
گۈل ياشلىقىڭ!
ئويغان يىگىت،
تىرەن ئويلاپ، بۇ مەسلىھەت،
ئەمدى كېرەك
ئىبرەت ـ ساۋاق ئالماقلىقىڭ!!!

1981 ـ يىلى ماي، چاپچال



# چوپان ھەققىدە ناخشا

مۇخبىرمەن، تاغ ئارىلاپ كەزدىم ئاۋۇل،
ناخشىسى قىلدى مەپتۇن چوپانلارنىڭ.
تەرىپىنى يازغانلىرىم شۇ ناخشىنىڭ،
گۈل ھايات، خۇشال كۈلكە ـ چۇقانلارنىڭ.

ساي ـ سالا نۇر ئىلكىدە قىلار جىلۋە،
مالچىلار سىرداش قۇۋناق ھايات بىلەن.
تونۇشتۇم،
ئىچەركىشىپ دوست بولۇشتۇق،
مالچىلار ماختاپ بەرگەن بارات بىلەن.

ئېگىز بوي، كەڭ پېشانە، كەڭ يەلكىلىك،
شۇڭقاردەك يىگىت ئىكەن بارات ئۆزى.
بۇغداي ئۆڭ چېھرىسىدە سەمىمىلىك،
چولپاندەك چاقناپ تۇرار ئۆتكۈر كۆزى.

سۆز بولسا ئۆزى ھەقتە بارات ھەرگىز،
يىپ ئۇچى تۇتقۇزمايدۇ گەپ ئەگىتىپ.
يازغىنىم ـ ئەل ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم،
قويمىدىم بىللە ھەرگىز ئوتنى قېتىپ.

ئاڭلىدىم ئاز ئەمەسكەن ئۇنىڭ ئەجرى،
كۈنبويى كۆزەتتىكەن تاغلار ئۇچۇن.
ھەر سۆزى يۈكسىلىشىگە گۇۋاھ ئۇنىڭ،
جور بولۇپ جاراڭلاركەن تاغلار پۈتۈن.

ئاۋازى ياڭرايدىكەن چوققىلاردا،
مەپتۇنكەن ناخشىسىغا قارىغايلارمۇ.
ناخشا بوپ ئاڭلىناركەن يىلقا قايرىپ،
ئۇ سالغان كېچىدىكى ھايت ـ ھۇيتلارمۇ.

تاڭ چېغى ئات ئېگەرلەپ چىقسا ھەر كۈنى،
قوي ھەيدەپ ناخشا بىلەن قورۇلاردىن؛
قوي ئەمەس،
توي كېلەركەن يايلاق ئارا،
سۇ كەبى ئېقىپ قاپتال،
جىرالاردىن!
ئىسقىرتسا قويلار ھەتتا يىلقا، سىيىر،
تەلپۈنۈپ كۆزلىرىگە باقار ئىكەن.
ئاشۇ دەم چۈشەنگەندەك دىل سىرىنى،
يېشىل ئوت،
سۈزۈك سۇغا چاپار ئىكەن.

بۇركۇتنىڭ كۆزى ئىكەن ئۇنىڭ كۆزى،
تۇندىمۇ ئازمايدىكەن نىشانىدىن.
شۇڭلاشقا ئەجلى توشقان ئىككى قاۋان،
ئوق يەپتۇ ھېچ خاتاسىز پېشانىدىن.

مالچىلار ئالقىشلاركەن ئۇنى دائىم،
قايىل بوپ ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە.
ئۆتۈپتۇ ھەر يىلدىكى قىرقىم چېغى،
قالماستىن بۇگۈنكى ئىش ئەتىسىگە.

بۇ يايلاق بەيگىسىنىڭ كاتتىسىنى،
ئۇ باققان پادا ئاپتۇ سېمىزلىكتە.
يايلاقنىڭ كۆچمە قىزىل بايرىقىنى،
ئۇ تۇتۇپ يۈرەر ئىكەن ئېگىزلىكتە.

سورىدىم بوۋايلاردىن، ماختاشتى ھەم
سۆز قاتتى مومايلارمۇ تەرىپىگە:
«بەش ساغلىق ئالدى بارات مۇكاپاتقا،
گۈل گۈۋاھ مەيدىسىدە، شەرىپىگە».

تاغ ھالقىپ گەزدىم ئاۋۇل،
ناخشا ئىكەن
تەرىپى شۇ چوپاننىڭ ياڭراپ تۇرغان.
ئىشەندىم زەپەر قۇچار ئەتىسىگە،
پۈتەرمەن شەرىپىگە
يېڭى داستان!

1982 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال

# قارىغاي

قەد كېرىپ تۇرىدۇ تاغدا قارىغاي،
ياپيېشىل تۇرقىنى ساقلاپ تۆت پەسىل.
قەددىنى پۈكەلمەس جۇدۇن ـ شىۋىرغان،
بىباھا خىسلىتى ئالەمدە ئېسىل.

ئارزۇيۇم —
بولسامتىم قەيسەر قارىغاينىڭ
ئايرىلماس تېنىدىن بىر كىچىك شېخى.
ۋە ياكى تۆت پەسىل ئاشۇ بىر شاخنىڭ،
تۆكۈلمەس،
ياپيېشىل بىر تال ياپرىقى.

1983 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال



# باھار تەبەسسۇمى

تەبەسسۇم باغاشلىغان ھەممە ياقنى،
بۆلەكچە ھۆسن كىرگەن بۇ زېمىنغا.
ئېقىنلار شوخ كۈيىنى ياڭرىتىشقان،
شادلىقنىڭ سىغماي بۇ دەم قېنىقىغا.

باھارنىڭ ۋەسلى ئۈچۈن خەندان ئۇرۇپ،
تورغايلار سايرىشىدۇ بەس ـ بەس بىلەن.
ئېتىزلار قىزىپ كەتتى ئىش ـ ئەمگەكتىن،
تۇرنىلار باقار كۆكتىن ھەۋەس بىلەن.

باھارنىڭ ئاپتىپى سۆيدى ئېگىشىپ،
قىرلاردا ئېچىلغان گۈل لەۋلىرىگە.
سۆيۈنۈپ بۇ ھاياتتىن ئانامۇ ھەم،
سۇ قويدى سېرىنگۈلنىڭ تۈۋلىرىگە.

«مۇما بۇ قانداق ئاش؟» دەپ سورار قىزىم،
نورۇز ئېشىنى ئىچىپ تۇرۇپ ئانام ئەتكەن.
«بۇ شۇنداق تاتلىق ئاشكى خاسىيەتلىك،
قەدىمدىن ئۇدۇم بىزگە داۋام ئەتكەن.»

قىزىمغا جاۋاب بېرىپ ئانام شۇنداق،
نېچۇندۇر جۇپ بولاقتىن توْكتى ئۇنچە.
ۋە لېكىن چېھرى نۇرلۇق، مېھرى ئاپتاپ،
ئالدىدا ئېچىلغاچقا توْت جۇپ غۇنچە.

دەل ـ دەرەخ پوتلا يېشىپ، بىخ سۇرۇشتى،
ئويغاندى گىياھلار ھەم ئۇيقۇسىدىن.
جانلاندى ئۇچار قانات چۇۋ ـ چۇۋلىشىپ،
باھارنىڭ ساخاۋەتلىك چاپقۇسىدىن.

مەرەيدۇ قوي ـ قوزىلار كوْكلەملەردە،
قېنىشماي بىر ـ بىرىگە مېھرى بىلەن.
مايسىلار پىچىرلاشتى ئوْز تىلىدا،
تەبىئەتنىڭ ھىممەتكە باي سېھرى بىلەن.

كوْۋەجەپ ئاقتى سۇلار ئوْستەڭلەردە،
باغاشلاپ چىمەن قىرغاق بويلىرىنى.
پۇتۇشتى جۇپ ئاشىقلار تال تۇۋىدە،
بۇ يىل كۇز قىلماق بولۇپ تويلىرىنى.

دالا ـ قىر يېشىپ قويۇپ ئاق تونىنى،
يېڭىلاپ كىيدى يېشىل كىمخاب چاپان.
بېدە كوْكى، يالپۇز تېرىپ ئەتتى چوْچۇرە،
ھەر ئوْيدە
مېھرى ئاتەش قىز ھەم چوكان.

قاياقتا باقساڭ،
دوستۇم يايرار دىلىڭ،
تەبىئەت —
گۈلباھارنىڭ تەبەسسۇمى!
ساقلىغاي دوقاللاردىن، تىلىكىم شۇ گۈللەنگەي،
بۇ ھاياتنىڭ ھەر مەۋسۇمى !!!

1988 ـ يىلى 22 ـ مارت، غۇلجا



## ياز لىرىكىسى

ھەر پەسىل ھۆسنىدە ئۆزگىچە رەڭ بار،
ياز كەلدى بارچىدىن ئۆزگىچە رەڭدار.
سەن دېدىڭ: ئېھ، دوستۇم،
جەننەت دېگەن شۇ.
مەن دېدىم: يار كەلدى لېۋىدە قەنت يار!

نە ئېيتساق ھەقلىقمىز تەرىپلەپ يازنى،
داستانلار يازساقمۇ قىلىدۇ ئازلىق.
ئايۋانلار ياسالدى تالاي ئۆيلەردە،
پىچىلدى شايىدىن كىيىملەر يازلىق.

كەڭ ئېتىز،
ھەر ئۆينى كەزدىم، ئاڭلىدىم،
مول ھوسۇل ئۈستىدە قىزىيدۇ پاراڭ.
ھەر ھويلا ھۇزۇرى گويا گۈلىستان،
مىسالى ھەر ۋاقىت تاۋلىنار باراڭ.

ئايلىناي ئايدىڭدا ئېيتقان ناخشىدىن،
ئەيلىدى ئۇ يازنى زەپمۇ يېقىملىق.

زۇمرەتتەك سۇلارچۇ شارقىراپ ئاققان،
بىز جۇشقۇن نەغمىدەك ئەجەب يېقىملىق.

ئۇچىدۇ توختىماي مەيىن شامالار،
پاراغەت ئىلكىدە كۆلىدۇ دالا.
ئۇپۇققا تۇتاشقان ئالتۇن رەڭ ئېتىز
قوناقلار پۆپۈكىدىن ئېشىلگەن جالا.

چەيزە رەڭ گاز ياغلىق ئارتقان زىغىرلىق،
ئېسىپتۇ بوينىغا ياقۇتتىن مونچاق.
قوغۇنلۇق ئىچىدە ساينىڭ تېشىدەك،
ئوخشىغان قوغۇنلار ياتىدۇ سانجاق.

گۈللەرنىڭ لېۋىگە قوندى كېپىنەك،
كاۋىلار ئۆچ تارتىپ ئارتىلدى تامدىن.
ئۆرۈكلەر سەكرىشىپ چۈشتى چىمەنگە،
ئۈزۈلمەس باغلار ھەم كۆندە مېھماندىن.

ھەرىلەر، كېپىنەكلەر ئويناپ ئۇسسۇل،
بەرگىگە قوندى رەڭدار چىمەنلەرنىڭ.
چۆمۈلەتتىم تاپماي يىغار ئوزۇق،
ئاپىرىن!
غەيرىتىگە شۇ چىۋەرلەرنىڭ.

كۆز چاقار مەرۋايىت كەبى مونچاقلار،
باراڭلار ئۈستىدە - يايراقلار ئارا.
كەمتەرلىك بابىدا سۆز ئاچماق بولساڭ،
ئەنە ئۇ!
شاخ ئەگكەن ئالمىدىن سورا.

قىز - چوكان قولىغا يېقىپتۇ خېنە،
بار يەنە قېشىدا ئوسمىسى بىللە.
ئۇلارنى كۆرىمەن ھەر كۈنى ئىشتا،
يېنىدا گۈل قىسقان قوشنىسى بىللە.

ياز كەلدى يارىشىپ ئانا يۇرتۇمغا،
بوستانلار باشلارغا تاشلىدى سايە.
شۇنداق ياز قوينىدا تۆككەن تەر بىلەن،
يۈكسىلەر بىزدىكى
ئۈمىد ۋە غايە!

گۈزەل ياز بەھرىدىن ئالىدۇ لەززەت،
سايرىشىپ قۇشلارمۇ ئۆز رىزقى بىلەن.
خورازلار چىللايدۇ تاڭلاردا ياڭراق،
يېڭىچە ھاياتقا چىن ئىشقى بىلەن.

باغلاردىن كېلىدۇ بۇلبۇلنىڭ ئۈنى،
كۆللەردە ئۆردەك - غاز يايرايدۇ يازدىن.

مەدھىيە ئاڭلايمەن
شۇ ياز زوقىدا،
ئاسماندا تۇرنىلار ئۇچقان ئاۋازدىن.

ھەر گىياھ بويىدا شۇ يازنى كۆردۈم،
مەپتۇنمەن ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە.
زەپ ئېسىل كەلمەكتە ھەربىر يېزىمىز،
يارىشىپ دەۋرنىڭ ئەۋزەللىكىگە!

※ ※ ※

ھەر پەسىل ھۆسنىدە ئۆزگىچە رەڭ بار،
ياز كەلدى بارچىدىن ئۆزگىچە رەڭدار!
ياشنايدۇ گۈلچىمەن شۇنداق ياز بىلەن،
قول سېلىپ كەلگەچكە جانان جىلۋىدار !!!

1986 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# تارىخ

سەن ئالەمنىڭ ئەينىكى تارىخ،
شاھىتى سەن يىل، ئەسىرلەرنىڭ.
كۆرسىتىسەن لىللا ئەينىنى،
مۇنار - راۋاق ھەم قەسىرلەرنىڭ.

رەسسام سۈرەت سىزغاندەك گويا،
ياسىمايسەن، بەرمەيسەن بوياق.
قەدىمدىنلا خىسلىتىڭگە يات،
قۇراقچىدەك تىكمەيسەن قۇراق.

راست سۆزلۈكنىڭ جاھانغا ئايان،
گىرىم بىلەن قىلمايسەن پەرداز.
تۇرقۇڭ ئۆڭمەس پەسىل ئالمىشىپ،
ئۆتسە قانچە قىش ھەم باھار - ياز.

لەبەيچى ئەمەس ئۆزۈڭ ئەزەلدىن،
ياكى قىلمايسەن خۇشامەت خانغا.
كىمنىڭ قۇدرىتى يېتىدۇ ساڭا،
مەلۇم قىلسۇن ئۆزىنى جاھانغا؟!

سەممىي،
راستچىل،
لىللا ئەي تارىخ!
تۆھمەتخور ئەمەسسەن زەررىچە ئەسلا.
بەرمەيسەن كىشىگە كىشىنىڭ ھەققىنى،
چورت كېسىپ بۇ سېنىڭ، بۇ ئۇنىڭ دەپلا.

«كۆچۈپ» كەتسەڭمۇ ئانا دىياردىن،
ئىلىم ئەھلى بېرىدۇ ئۇچۇر.
چاقناپ تۇرىسەن ھەتتا كۇھىقاپتا،
تېپىلماس سەندىن ئېۋەن يا قۇسۇر.

كۆمۈلسەڭمۇ ئەمما بەزىدە،
ئانا تۇپراق باغاشلار سېنى.
تۆرىلىسەن قايتا زېمىنغا،
چۈنكى تاپىدۇ ئەۋلادلار سېنى.

سەن ئۆلمەيسەن
مەڭگۈگە تارىخ،
ئالەم ئارا ياشناپ نۇر چېچىپ!
گۈللىنىسەن ئىزلار ئۇلىنىپ،
يېڭى رەڭدار
ئۆچمەس بەت ئېچىپ!!!

1989 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال

## گۈلچايدىن تۆكۈلەردۇر گۈل

جاغىستاي يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتە ئوقۇلغان

گۈلچايدىن تۆكۈلەردۇر گۈل،
دىلغا ھۇزۇر خۇش پۇراق چېچىپ.
سالام بېرىپ مەشرەپ ئەھلىگە،
مەنمۇ كەلدىم بىر ناخشا قېتىپ.

مەنمۇ كەلدىم شوخ ناخشا ئېيتىپ،
ۋۇجۇدۇمدا جۇشقۇن ھاياجان.
قىيان سالار تومۇردا قېنىم،
شادلىقىمنى قىلىپ نامايان.

شادلىقىمنى قىلىپ نامايان،
قاراقلاردىن تۆكۈلەر يېشىم.
خەلق سۆيگەن سەنئىتىم كۈلدى،
مەغرۇرلۇقتا
كۆكلەردە بېشىم!

مەغرۇرلۇقتا كۆكلەردە بېشىم،
گۇۋاھ ئاڭا دىلمۇك[1] ئارقار تاغ.[2]
چوققىلىرى كۆكنى باغاشلاپ،
ئېتەكلىرى ياسانغان گۈلباغ.

ئېتەكلىرى ياسانغان گۈلباغ،
قىلار مېھمان بۇلبۇلنى شەيدا.
ئىناق ـ ئۆملۈك دەستۇرى ئەلنىڭ،
دوست، ئۇستازلار جىمىسى ھەقدا.

دوست ـ ئۇستازلار جىمىسى ھەغدا،
مەشرەپ سورۇنى تۈزۈلگەن باغدا.
تىرىكلەرغۇ بولۇشتۇق توپ ـ جەم،
كەتمەنلەنگەنلەر ئاھ،
سىلەر قايدا؟!

كەتمەنلەنگەنلەر ئاھ،
سىلەر قايدا؟!
ئەمما قەلبىمدە ھايات ھەر دائىم.
ئىز بېسىپ كېلەر ئەۋلاد مەردانە!
يۈرەك توق شۇڭا قىلمايمەن ۋايىم.

يۈرەك توق، شۇڭا قىلمايمەن ۋايىم،
مەشرەپ ئۇدۇمى قىلماقتا داۋام.

---

① ② دىلمۇك، ئارقار ــ چاپچال جاغىستاي يېزىسىدىكى تاغ ئىسىملىرى.

قەدىرلەپ كەلگەن ئېسىل سەنئەتنى،
ئانا خەلقىمگە تۆمەن ئېھتىرام!

ئانا خەلقىمگە تۆمەن ئېھتىرام،
سەنئەت كانى ئۇ پۈتمەيدىغان!
ئىپتىخار ـ غۇرۇر مەن ئۇچۈن خەلقىم،
تارىختىن نامى ھېچ يىتمەيدىغان!!!

1992 ـ يىلى سېنتەبىر چاپچال، جاغىستاي



# ئانا دالا قوينى كەڭ

دالا ـ دالا قوينى كەڭ،
ئانا دالا سۆيۈملۈك.
ئۆپۈقلارغا تۇتاشقان،
كەڭرى قوينۇڭ سېنىڭكى.
قىيغىتىسەن ئەركىلەپ،
بالىلىقىم تۇتقاندەك.
كەچۈرگەيسەن بىر پەسكە،
شادلىقىم سەن مېنىڭكى!

گويا ئىپار پۇرايدۇ،
دىمىقىمغا ھەر دەقىق.
قۇياش سۆيگەن باغرىڭدا،
گۈپۈلدىگەن شىۋاقلار.
ئوينىۋالاي قانغۇچە،
بالام كەبى مەن تەھقىق.
گۈل كۆرۈنەر كۆزۈمگە،
يېشىل مەخمەل قىياقلار.

چەكسىز كەتكەن دالاڭ،
كۆرۈنمەيدۇ چەت ـ چېكى.

ياتار ئەنە سوزۇلۇپ،
كەكلىك تولا بىنەملەر!
ئېغىنىۋالاي چۇقان سېپ،
قىن ـ قىنىمغا سىغماستىن؛
بۇ ۋادىغا پاياندار،
رەڭدار گۈللۈك گىلەملەر.

ئۇسسۇلۇقۇمغا سۇت ـ قېتىق،
بەردىڭ دالام ئاپمۇئاق.
ئارزۇلۇق شۇ بالاڭنىڭ،
يۈرىكى ھەم شۇنداق پاك.
قېنىۋالاي مېھرىڭگە،
باغاشلىغىن بالاڭنى؛
كەڭرى دالام سەن مېنىڭ،
جانجان ئانام سىياق!

1993 ـ يىلى ماي، چاپچال



# دىلبەر، مېنى قىلما ئىنتىزار

بىرلا ئۆزۈڭ،
بىرلا سەن ئۆزۈڭ،
چۈشلىرىمنىڭ مەنزىللىرىدە.
ئېھ،
بىر ئۆزۈڭ ئامرىقىم دىلبەر،
ئىنتىلىشلەر مەنزىللىرىدە!

كۆزلىرىمدە ئۈيقۇ يوق زىنھار،
سېنى دىلبەر ئايدىن سورايمەن.
ئايمۇ مۆكتى خىجىل بوپ بەلكى،
سېنى ئەمدى كىمدىن سورايمەن!؟

ھىجرانلىقتا ئۆلمەيمەن دىلبەر،
ئەقىدەمدۇر پاك ـ سۈزۈك ياشاش.
ساداقەتنىڭ ئېچىلسا گۈلى،
كۆلەر دىلىم ئاپتاپقا ئوخشاش.

يۈرىكىمنى بەرمەيمەن تۇتۇپ،
ھەسەتلەرنىڭ قۇرتلىرىغا.

قەلبىم مېنىڭ كەڭرى ئېكىنزار،
پاك سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقلىرىغا.

باش ئەگمەيدۇ تەڭرىتاغ ئوغلى،
تۆھمەت ـ بوھتان دۇرۇتلىرىغا.
پەر قاقىدۇ شۇڭقارلار مىسال،
ئارمان ـ مۇراد ئۇپۇقلىرىدا.

يۈرىكىمدە يوقتۇر ۋەھىمە،
قاراقلىرىمدا ئاينىڭ شولىسى.
يۇلتۇزلىرىم كۈلەر چاراقلاپ،
سۆيۈملۈكتۇر ئۇنىڭ جىلۋىسى!

كۈتمە،
كۈتمە دېمە، دىلبىرىم،
كۈتۈشمىدىن بولمىغىن بىزار.
كەلسەڭ ئۇچۇپ باغاشلاي سېنى،
مېنى قىلما بۇنچە ئىنتىزار!

ئاددىي كۆلبەم،
بىر ئالتۇن قەسىر،
ھۆرلەر تۈنەر قۇببىلىرىدە!
سۆيگۈ گۈلۈم ئېچىلدى سولماي،
ساداقىتىم
سۈبھىلىرىدە!

1993 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇل، چاپچال

## ئەقىدە

كۆيەر جىسمىم گۈلخانغا ئوخشاش،
تەپەككۇرۇم ئىلھامغا قولداش.

مەن ياشايمەن غۇرۇرۇم بىلەن،
تەلمۈرمەيمەن ئۆزگە كۆزلەرگە.
ئۆز بەختىمنى تاپىمەن ئۆزۈم،
ئىشەنمەيمەن ساختا سۆزلەرگە.

ئېگىلمەيمەن زوراۋانلارغا،
قەددىم پۈكۈپ «خوش ـ خوش» دېمەيمەن!
ئاجىز ـ غېرىب بىچارىلەرگە،
قامچا شىلتىپ «پوش ـ پوش» دېمەيمەن.

ئەل ـ ۋەتەنگە مېھرىمدۇر ئاتەش،
خەلقىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر چاكار!
شۇ غايىدە ياشايمەن ئەبەد،
ماڭا مۇشۇ ئەقىدە ياقار.

كۆيەر جىسمىم گۈلخانغا ئوخشاش،
دىلخانامدا پارقىرار قۇياش!

1993 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال

# ئايدىڭ كېچە

شوخلۇق قىلىپ ئويناپ مۆكۈشمەك،
دېرىزەمدىن كەتمەس تولۇن ئاي.
قىزىرىدۇ ئېيتماي دىل سىرىنى،
ناز ـ كەرەشمە قىلىدۇ تىنماي.

ئۆپۈقلارنى ئېتىپتۇ قاشلىق،
يۇلتۇزلاردىن تاقاپتۇ مارجان.
تاج قىپتۇ ئۈكەرلەرنى ھەم
جىلۋىلىنەر كەڭ زەڭگەر ئاسمان.

نەپىس شايىدەك ئاق سامانيولى،
ئۇچار بوشلۇقتا چېتى كۆرۈنمەس.
دىلنى تارتار دېھقان يىگىتنىڭ،
ئېيتقان ناخشىسى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس...

1993 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال

# ھايات، سۆيگۈ ئەزەلدىن قوشماق

چوققىلاردىن كېلىدۇ سادا،
ئورمانلاردىن ياڭرايدۇ شاۋقۇن.
لەرزان ئەتسە سالقىن شوخ سابا،
يۈرەكلەردە كۆۋەجەر دولقۇن.

دالالاردا مىدىرلايدۇ ھايات،
چېكىپ يۈرەك بېغىشلىرىنى.
ئۆچمەس ئىزلار چاقنايدۇ بۇندا،
كۆتۈپ سىرلار ئېچىشلىرىنى.

قىياقلارنىڭ بەرگىدە مارجان،
شىۋاق ھىدى يارىدۇ دىماق.
ھايات، سۆيگۈ ئەزەلدىن قوشماق،
كەچمىشلىرى ئۇزاق بەك ئۇزاق!

1992 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇل، چاپچال

## ئۈمىد ـ مەشئەل، نۇر ـ چولپان

ئۈمىد، غايە يۈرىكىمدە نۇر چېچىپ،
چاقناپ تۇرغان سەھەردىكى ئېھ، چولپان!
بۇ دۇنياغا بىر ئانىدىن كۆز ئېچىپ،
مەن ئۈمىدۋار ياشاۋاتقان بىر ئىنسان.

ئۈمىد، غايە ئۈچقۇنلىرى ھەرقاچان،
ئۈلغۈياركى لاۋا ئاتقان بىر گۈلخان.
ئۈمىد ـ مەشئەل،
غايە پارلاق ئالدىمدا،
دىل تەكتىمنى كۈندەك نۇرلۇق يورۇتقان.

ئۈمىد، غايە
سىرداش دوستۇم ھەمدىمىم،
مېنىڭ بىلەن بىر كۈندە تەڭ تۇغۇلغان.
شۇندىن باشلاپ ئۈزۈلمەستىن رىشتىمىز،
ۋاپا ـ سۆيگۈ ئىشقى بىلەن چوڭ بولغان.

باشقا چۈشسە تاغدەك ئېغىر كۈلپەت ـ غەم،
ئۈمىدتىن ھېچ ئۈزۈلمىگەن دىل رىشتىم.

قايغۇ ـ ھىجران تۈنلىرىدە سىنالغان،
يالقۇنلىغان مېنىڭ ئوتلۇق چىن مېھرىم.
غايە ئۆچمەس يۈرىكىمدە ئوتقاشتەك،
ئۇنىڭ بىلەن غەمدىن يىراق نۇر چېھرىم...

مەن ياشايمەن شۇڭا كۈلۈپ دۇنيادا،
ئۈمىدۋار بوپ ئالغا قاراپ ھەرقاچان!
ئۈمىد ـ غايە ـــ مەشئەل،
ئوتلۇق نۇر، چولپان،
ئۇندىن كۈلەر ھەممە ئىنسان،
كەڭ جاھان!

1992 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



## ئەزگۈ تىلەك ھاياتتا يۆلەك

تىك قىيادا تۇرىمەن تەنھا،
كەڭ دالانى كېزىدۇ يۈرەك.
چىغىر يوللۇق تۆپىلىكلەردە،
قالغان ئىزلار،
قالغان كۆپ تىلەك!

ئەزگۈ تىلەك ھاياتتا يۆلەك،
قىسمەتلەردىن قالىدۇ سۈرەت.
يوللار ئۇزاق،
مۇشكۈل داۋانلىق،
قىسقىرايدۇ بولغاچقا جۈرئەت،

1993 ـ يىلى ئىيۇن، چاپچال



# چولپاننىڭ جىلۋىسى بار سۆبھىگىچە

سېنىڭ سۆتتەك ئايدىڭلىرىڭ ئانا يۇرتۇم،
بىر نەپەس سۈرەت سىزدى يۈرىكىمگە.
ساياق ھېسلار تىزگىنىنى تۇتتۇم ئۆزۈم،
ئەقىدەم يەتكۈزىدۇ تىلىكىمگە.

ئايدىڭدا يولدىن ھەرگىز ئاداشمايمەن،
ئۆكەرنىڭ جىمىرلىشى زەپ ئۆزگىچە.
سەزگۈلەر غىدىقلىما شاش بالاڭنى،
چولپاننىڭ جىلۋىسى بار سۆبھىگىچە.

ئېتىكىڭ ئالتۇن تاۋاق زەرگە تولدى،
ئارقاردىن[1] ھالقىپ سېنى سۆيدى قۇياش!
ئوغلاننىڭ كىندىكىدىكى قېنى ساڭا سىڭگەن،
بىر ئۆمۈر ئۆرلىشىڭگە بولار قولداش!!!

1994 ـ يىلى دېكابىر چاپچال، جاغىستاي

---

① ئاقار ــ جاغىستاي يېزىسىدىكى تاغ ئىسمى.

# ياپراقلار لەۋلىرىدە كۈمۈش قەترە

تاڭ قىزى قاپاق ئاچتى تەبەسسۇمدە،
تۆكۈلەر زەر كىرپىكى چاقناپ تال ـ تال.
ياپراقلار لەۋلىرىدە كۈمۈش قەترە،
ۋە لېكىن قېقىۋەتتى تەتۈر شامال.

شامالنىڭ سەۋەنلىكى ئاڭا خۇيدۇر،
ئۆزگەرمەس تەبىئەتنى ئۇنىڭ بەلكى.
زېمىندا يېشىللىقلار جۇلالاتقان،
شۇ كۈمۈش قەترىلەرنىڭ چىن ھېكمىتى.

1994 ـ يىلى يانۋار، چاپچال



# نورۇز ئۇلۇغ بىر ناخشا

تۇگىمەيدۇ ئېيتقانغا،
نورۇز ئۇلۇغ بىر ناخشا.
زېمىن ئانا ئويغاندى،
نورۇز ئاڭا دىل ياقسا.
نورۇز تامار قۇياشتىن،
سىڭەر يېنىپ قۇياشقا.
ئۇنى تۇغقان كائىنات،
ئۇلۇغ ئەجداد ياشىغان:
ئېتىكى كەڭ، باغرى قۇت
ھېكمەتلىك تۇپراققا !!!

ئاتىلارنىڭ شادلىقى،
نورۇز كۆرۈپ يۈز ئاچقان.
ئانىلارنىڭ چىن مېھرى،
نورۇز ساڭا چىرماشقان.
سېنىڭ رەڭدار سۈرىتىڭ،
كەڭ ئالەمگە كۆز ئاچقان.
سېنىڭ جېنىڭ ھاياتى،
ئەجداد بىلەن گۇل ئاچقان!

قەدىم «تىل قوشىقى»،
ناخشا بولغان نورۇزدا.
كۆك بۆرىنىڭ ئوشۇقى،
تۇمار بولغان ئوغۇلغا.
ناخشا بولغان ئېغىزمان،
بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان.
يېڭى بوغۇن - بوۋاقىقا.
ئەسىرلەردىن ئۇزۇلمەي،
سىڭگەن ئۇسسۇل قېنىغا؛
ئوغۇز بوۋام ئۇدۇمى،
تەتەلىگەن ئوماقىقا.

ئەجدادلارنىڭ تۇيغۇسى،
كەڭرى ئالەم بىپايان.
گويا زېھىن تىترىشى،
يۇرىكىمدە ئۇلارنىڭ.
تومۇرىدا گۈلدۈرلەپ،
قاراسلايدۇ زور چېقىن.
ئەنە، كەڭرى كۆك دالا،
ئېھ، بىپايان كۆك ئاسمان.
ئۇلۇغ نورۇز تىنىقى،
ئەنە،
جۇشقۇن كۆك ئېقىن!

نورۇز يانغىن لاۋادۇر،
ئەسىرلەردىن ئۆچمىگەن.
ئۇ ئابىدە مەڭگۈلۈك،
يەر تەۋرىسە كۆچمىگەن.
بار يىغىسى بەزىدە،
بىزلەر زادى كۈتمىگەن.
بار كۈلكىسى ئۆمۈرۋايەت،
قاق ـ قاق ئۇرۇپ پۈتمىگەن!

نورۇز ئۆزۈك يېڭىلىق،
سەن يېشىللىق جىلۋىسى.
سەن رىۋايەت بىر گۈزەل،
ئەنئەنىمىز قىبلىسى.
يېڭى بىخلار ھەر جاننى،
كۈلدۈرىدۇ غىدىقلاپ.
نورۇز ئاچقان چېچەكلەر،
نەس قىپتۇ شامالنى.
چارلار قىياق بەرگىدە،
قۇياش چاچقان نۇر ـ ئاپتاپ.

يېڭى ئەقىل،
يېڭى نۇر،
نورۇز سىڭىنىڭ قەدرىتىڭ؛
يېڭى سېزىم،
يېڭى كۈچ،

ناخشا تۇغار يۈرەكتە.
يېڭى سۆيگۈ ھېكايەت،
نورۇز ئۆزۈڭ ئەۋلادقا!
يېڭى ئىقبال،
يېڭى تالڭ،
نورۇز ئۆزۈڭ ئەبەدكە!

1994 ـ يىلى 21 ـ مارت، چاپچال



## دوستلىرىم يۆلەك ئۆرلەشلىرىمدە

ياشلىقىمنى ئارمان ئېيتىمەن،
يىگىتلەرگە قاراپ كېتىمەن.
باش باھاردا دېگىنىم راستى،
«كۆزدە چوقۇم خامان ئېتىمەن».

كۆزدە خامان ئەتتىم ۋە لېكىن،
چۆشكە باقتىم، كۆڭلۈم بەك يېرىم.
پۆچەك دانلار ئۆچتى سامانغا،
قالغانلىرى كەتتى «بورانغا»؛
كەتتى زايە، ئېھ،
تۆككەن تەرىم.
يەڭ شىمايلاپ كەلدىم ھە... بۆگۈن،
قالغان بوزىنى تېرىپ ئالىمەن.

قۇيۇن قۇترىسا پەرۋايىم پەلەك،
ئەمدى خامانني چەشلەپ ئالىمەن.

سەپداشلارغا مەڭگۈ دىلكەشمەن،
ئۆزىغانلارغا چاۋاك چالىمەن.

دوستلىرىم يولەك ئورلەشلىرىمدە،
غەلىبە كۈيىنى
بىللە چالىمەن!

1995 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال



# ياشىسۇن ئۇيغۇر نېنى

ياشىسۇن ئۇيغۇر نېنى،
كىشىگە خار قىلمايدىغان.
سەپەردە ھەمراھ ھامان،
ھەق ئىمان ئۆلمەيدىغان.

كۆپ ئەجىر سىڭگەن ساڭا،
پىشقۇچە تونۇردا ھەم.
سەنسىز ياشىماس ئۇيغۇرۇم،
ئۆزگىچە سەندىكى تەم.

چىشلىسەم لەززەتلىنىپ،
ھەر بۇرداڭ جېنىمغا جان.
ئۇرغۇيدۇ جاسارىتىم،
سەن مېنىڭ قېنىمغا قان.

مۇجەسسەم ساڭا بىلسەم،
ئەجدادىم مۇھەببىتى.
جاھانغا تونۇلغان ھەم،
سەن بىلەن ئىناۋىتى.

داڭلىسام،
داڭلاشقا ھەقسەن،
سەندە جىلغ سەنئەت ئايان!
ياشنىتار سېنى ئەبەدكە،
يىمىرىلمەس خىسلەت ھامان !

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىر، سۇجۇ ـ شاڭخەي



## دوپپامغا سىڭىنىڭ ئىشقىڭ چۈشۈپ قالدى

تەبەسسۇم ئىلكىدە سەن قىيا باقتىڭ،
سەن سالدىڭ سىياقىمغا قىزىقسىنىپ.
چېھرىمدىن نۇر تۆكۈلسە تۇرۇپ قالدىڭ،
گۈيخۇاغا بولۇپ ھەمراھ چوغدەك يېنىپ!

بېشىمنى شەرەتلىدىڭ لال بولغاندەك،
دوپپامغا سىڭىنىڭ ئىشقىڭ چۈشۈپ قالدى.
مېھمان بول دېمە مېنى يەنە تۇتۇپ،
ئۇزاتقان جىگەرلىرىم كۈتۈپ قالدى.

ياخشى قال سۇجۇ قىزى مۇڭلانمىغىن،
بەي جۈيى ئىلھاملىنىپ شېئىر يازغان.
رەيھانغا تەڭداش بولۇپ چاچقىن پۇراق،
تەڭرىتاغ ئوغلى ئاندىن مېھىر ئالغان.

تەيخۇنىڭ بويلىرىدا قالدى ئىزىم،
ئەسىرلەر چوغدەك يېنىپ ئۆچمەيدىغان.
ئۇچ قىسسە قەلئەسى ھەم شاھىت ئاڭا،
ئەۋلادقا مىراس قىلىپ سۆزلەيدىغان.

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىر، سۇجۇ

## يۇرەكلەردە ياندۇ گۈلخان

بىر كۆرۈشۈپ تونۇشتۇق، بەلكى،
ئىككى كۆرۈشسەك بولىمىز تۇغقان.
كۆڭۈل ـ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچتى كۈلدى،
يۈرەكلەردە ياندۇ گۈلخان.

تاغ ھەققىدە ئېيتتۇق قىسسە،
قامىتىگە ھەۋەستە بېقىپ.
چىمەنلەردە ئوينىدۇق بىللە،
چىن دوستلۇقنىڭ مېغىزىنى چېقىپ.

باسقان ئىزلار ئۆچمەس ئەبەدىي،
بۇلۇت سۆيگەن قەدىم تاغدىكى.
چىن دوستلۇقنىڭ سولمايدۇ گۈلى،
ئىزلار چۈشكەن چاھار باغدىكى.

كۆزدىن ـ كۆزگە كۆچتى ئۆچمەس نۇر،
چىن رىشتىمىز باغلاندى مەھكەم.
قەدەھلەردە لىپمۇلىق شاراب،
ئاڭا ئارزۇ ـ تىلەك مۇجەسسەم!

1995 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال

# ئەللەيلىرىڭ ئاق تىلەك

ئۇلۇغ ئىقىن ـ دەريادەك،
توختىمايدۇ بىر ناخشا.
يەتمەس ئەبەد تەرىپىگە،
دۇر ـ گۆھەردىن سۆز قاتسا.

ئوتلۇق مېھرى ئېرىتەر،
يەتتە قەۋەت مۇز قاتسا.
سېخىيلىقتا تەڭداشسىز،
پايانى يوق
تاڭ ئاتسا!

ئۇنىڭ بەرگەن ئاق سۈتى،
ئابىھايات نەق ئىكەن.
ئەللەيلىرى ئاق تىلەك،
تاڭدەك ئاپپاق پاك ئىكەن.

ئەجرى ئۇچۇن ئۆمرۈمدە،
ئانىجاننى دۈمبەمدە؛
ھاپاش ئېتىپ مىڭ قېتىم!

ئېلىپ بارسام ھەرەمگە،
مېنىڭ ئۈچۈن
ھەق ئىكەن!

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست، چاپچال



# خىلۋەت مەھەللىدە يېپيېڭى بىر كۈن

سۈبھى ئاچتى تاڭنىڭ پەردىسىنى،
ساھىبجامال قولىدا رومال.
جىلغىلاردىن سۈزۈلدى تۇمان،
مەيىن شامال ئوينايدۇ رويال...

ئىتلار ھۈرۈپ ئويغاندى مەھەللە،
پەرق ئەتتى يېپيېڭى بىر كۈن.
جۇشقۇن كۈينى تىنىمسىز ھايات،
باشلىۋەتتى،
ياڭرار سادا – ئۈن.

تورخونلاردىن پۇرقۇرايدۇ ئىس،
خامانلاردا چەشلەندى بۇغداي.
كالا مۆرەپ قىيغىتتى موزاي،
كىشنەر تويغان ئات ھەم قۇلۇن – تاي...

خالتا تىكەر پەرىشتە ئانا،
مايلىق توقاچ سېلىپ ئىچىگە.
پىشقان تۇخۇم،

مېغىز ھەم جىگدە،
قوَيدى ھەم گۆلە ـ قاق چېتىگە.

خەتنى يازدى جاپاكەش ئاتا،
قاغا پۇتى ئۆمۈچۈك تورىدەك.
يانچۇقىدىن تۆكۈپ سانايدۇ،
قاداق باسقان قولدا پۇل ـ پۈچەك...

خەت ـ خالتىلار ماڭدى ئۇزاققا،
ئانا دالا سېغىنىشىنى ئېلىپ.
كەلدى خەتلەر ئۇچقۇلار مىنىپ،
ئىنتىزارلىق تىلەككە قېنىپ.

ئاتا ـ ئانا تىلەر ئاق تىلەك،
ئۇنتۇماستىن كېچە ـ كۈندۈزى.
چەكسىز ئالەم ئىچىدە چاقنار،
ئەبەدىي كۆچمەي
ئۈمىد يۇلتۇزى!!!

1995 ـ يىلى ئىيۇن، چاپچال

## مۇساپىسى ئۇزاقتۇر - ئۇزاق

ئۇماققىنە ياتىدۇ بوۋاق،
كۆلكە ئوينار زىنىغلىرىدا؛
چۈشەكەيدۇ زەپ تاتلىق ئوماق.
ئانا مېھرى تۆكۈلەر ئاڭا،
گويا سېخىي، ئېھ،
قۇياش سىياق!
گۈڭگۈرلايدۇ بوۋاق قول سوزۇپ،
چايقىلار بۆشۈك بىر ئالتۇن قولۋاق.
مەنزىل تامان ئالدى يول يۈكسەك،
مۇساپىسى ئۇزاقتۇر - ئۇزاق...
خىجىللىقتا ئەجدادى ئۇنىڭ،
ئۆز - ئۆزىگە قويىدۇ سوراق!

1995 - يىلى 25 - فېۋرال، چاپچال

# جۇلالىنار ۋىسال جىلۋىسى

مەن دوستۇمغا ناخشا ئەۋەتتىم،
مۇڭلىرىمنى تىڭشاپ تۇرسۇن دەپ.
ئورمانلاردىن پەر قېقىپ ئۆتكەن،
پەرۋازىمنى كۆرۈپ قويسۇن دەپ.

كۆز تاشلىسام جىمىرلار ئەنە،
ئۇتقاش رەڭدە تاۋلانغان ئۇپۇق.
ئىنتىزار بوپ كۈتمەكتە بىزنى،
خۇش تەبەسسۇم، غەلىبە ــ ئۇتۇق.

ئۇنتۇمىدىم دىلكەشىم سىنى،
سەن يۈرىكىم ئاستانىسىدا.
جۇلالىنار ۋىسال جىلۋىسى،
بەختلىكلەر پېشانىسىدە.

تەڭ ئەلچىسى بىغۇبار سۇبھى،
كۈلدى پارلاپ نۇرانە سەھەر!
قول تۇتۇشتۇق يوللاردا مەھكەم،
بىزگە نېسىپ ئۇتۇقلۇق سەپەر!

1996 ــ يىلى 4 ــ ئىيۇل، چاپچال

## يۈرىكىمدە سېغىنىش ھەر دەم

كېچە ـ كۈندۈز ئەسلەيمەن سىزنى،
كىرپىكىمدە كۆمۈشتەك شەبنەم.
ئۆيقۇسىراپ چۈشەيمەن ئاتا،
يۈرىكىمدە سېغىنىش ھەر دەم!

شەمشاد ئىدى قەددىڭىز ئاتا،
قۇياش ئىدى چېھرىڭىز ئاتا.
ئالەم ـ ئالەم شادلىق بېغىشلاپ،
پارلار ئىدى مېھرىڭىز ئاتا.

ئۆلگە قىلىپ سىزنى مەن ئاتا،
تۇلۇقلارغا ئات مىنگەندىم.
غېرىچ قالماي ئارقىڭىزدىن ھەم،
خامانلاردا تۈنىگەندىم.

ئېسىمدە بار ئورغاق تۇتقىنىم،
ئويماق سېلىپ ئورما ئورۇغىنىم.
ئۇسسۇلۇق ئالغان قاپاقنى چېقىپ،
جىلە بولۇپ يىغلاپ تۇرغىنىم...

دوراپ سىزنى قېرىنداش تۇتۇپ،
ئۆگەندىم مەن خەت يېزىشنىمۇ.
ئېلىپ سىزدىن گېزىت - كىتابنى،
ھەم ئۆگەندىم خەت ئوقۇشنىمۇ.

قالغان ئىشلار - بۇلار ئۇزاقتا،
دىلنى سالار بىراق لەرزىگە.
دال بولالماس ئەپسۇس
بەك ئەپسۇس،
تۆلىگىنىم ئالغان قەرزىگە.

پەرزەنتلەرنىڭ بەختىنى كۆرگۈچە،
نەۋرىلەرگە بوۋا بولغۇچە.
قېنىپ - قېنىپ مۇڭدىشالمىدۇق،
ئاھ ھەسرىتا!
كۆڭۈل تويغۇچە.

مېھرىڭىزگە قېنىپ بولغۇچە،
قەددىم سىزدەك شەمشاد بولغۇچە.
ئايرىۋەتتى شۇم ئەجەل بىزنى،
سىزگە ھەمدەم يۆلەك بولغۇچە.

ئاتا قىلغان سېخىي تەبىئەت،
يەتتە قوشماق ئۆزى جامائەت.

ھايات ئاسمىنىدا چاقنايدۇ ھەر دەم،
ئۇكەر يۇلتۇزدەك ئايرىلماي ئەبەد.

قورۇنمىغاي روھىڭىز ئەسلا،
ئاتا كۆرگەنلەر بۇنىڭغا ھەغدا.
چىرىغىڭىزنى ئۆچۈرمەي ئوغلان،
يۇرت ئەھلىنى قىلىدۇ شەيدا

1996 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست، چاپچال



# بىر ناخشام بار مەڭگۈ تۈگىمەس

ئۇلۇغ ئېقىن، ئۇلۇغ دەريادەك،
بىر ناخشام بار مەڭگۈ تۈگىمەس.
ئانا مېھرى كائىناتتىن كەڭ،
تەرىپىگە سۆز كانى يەتمەس.

ئانا!
دېدىم چىققاندا تىلىم،
ئانا!
دېدىم يوپيورۇق دىلىم.
ئانا!
دېدىم تاپقاندا بىلىم،
ئانا!
دېدىم ئۆركەشلەر قېنىم.
ئىلاھ ئەمەس سەن ئاددىي ئىنسان!
ئاھ،
دەپ تىنساڭ تىترەيدۇ زېمىن!
جۇپ بولاقتا باقساڭ پەرزەنتكە،
ئېچىلىدۇ ئەقىل ـ ئوي، زېھىن.

ئانا!

دېسەم سۆزۈم تۈگىمەس،
ئانا دېگەن تېرىسا ئۈنمەس!
ئانا ئۇلۇغ،
ئانا قەدىردان،
شۇڭلاشقىمۇ ئەبەدىي ئۆلمەس!!!

1996 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال



# مەردلىكىڭگە ئەل قايىل

(يېتىملارنىڭ ساخاۋەتچىسى نۇرتاي ھاجىمغا
ئالىي ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

بېشىمىزدا بىر سېنى،
ئەرزىيدىغۇ كۆتۈرسەك.
قۇياش تۇغقان ئوغلانسەن،
نۇر ئىشقىدا سۆيۈنگەن.
چىرىغىنى ياندۇردۇڭ،
چىرىغى ئۆچكەن يېتىمنىڭ؛
مەردلىكىڭگە ئەل قايىل،
ئەۋلادىڭغا كۆيۈنگەن.

كۆزلىگىنىڭ مىللەتنىڭ،
يىراق،
نۇرلۇق كەلگۈسى.
يۈرىكىڭدە لاۋۇلدار،
ۋىجدان،
بۇرچ،
ئادالەت.
ئاتىسىزغا ھەم ئاتا،

چاڭقىغانغا بولاقسەن.
يۈكسەك غايە،
ئەقىدە،
تىلىكىڭدە ئىجابەت.

ئۇلۇغ ئاتا ئىزىنى
باسقان سېخىي ئوغلانسەن.
ئىقباللارغا ئات سالغان،
نۇر ئوغلىسەن مەردانە!!
خەير ـ ئېھسان ياغدۇردۇڭ،
يېتىملارغا قۇت تۆكۈپ.
ئۇلار چىقتى ئىستىقبال،
كېمىسىگە ھە... ئەنە!

سەن خەجلىگەن پۇل ئەمەس،
بىز ماختىغان سەندىكى.
گۈزەل ئەخلاق،
پەزىلەت،
ئالىيجاناب پاك خىسلەت!
سەن ئالقىشقا بۆلەندىڭ،
خەلقىڭ سۆيدى،
يۇرت كۈلدى،
ۋۇجۇدۇڭدا جۇش ئۇرغان،
ئادىمىيلىك دىيانەت!!!

قوياش ئاناڭ يۆلەكتور،
ھالال جوپتوڭ پىداكار.
مەرىپەتنىڭ بېغىغا،
مۇھەببەتتىن رەڭ بەردىڭ!
گوزەل ئارمان،
كېلەچەك،
ئىشقى ياندى قېنىڭدا؛
سەبىيلەرنىڭ دىلىغا،
قوچاق - قوچاق
گۈل تەردىڭ!

مىليون دىلدا دائىما،
سەن ياشايسەن يادلىنىپ.
ھەربىر تىرىك سەبىيگە،
ئاتىغاچقا مۇھەببەت!
ئەللىيىدە زېمىنىنىڭ،
تاڭ ناخشىسى ياڭراتتىڭ،
ئانا ئىلى دەرياسى
شۇ ناخشاڭغا جور ئەبەدا!

1997 - يىلى يانۋار، چاپچال

## دەپ

شۈڭگۈدۈم چەكسىز دېڭىزغا دۇر ـ گۆھەرلەر تاپاي دەپ،
مېھنىتىمدىن ئېلىمگە تامچە ـ قەترە قاتاي دەپ.

كارۋان تارتسا دوستلىرىم ئۇزاق، مۈشكۈل سەپەرگە،
بولالمىسام گەر ئىچ ئات، ياندىق بولۇپ تارتاي دەپ.

كۆرەلمەس ھەم ھەسەتخور بوپ تورايدۇ ماڭدامدا،
مىلتىق ئالدىم بوۋامدەك چەنلەپ تۇرۇپ ئاتاي دەپ.

دېھقىنىم بار چىداملىق ئېتىزلارغا گۈل باسقان،
مەنمۇ ئاڭا ھەمنەپەس بىرەر كەتمەن چاپاي دەپ.

خۇراپاتلىق، نادانلىق چىرمىمىسۇن تور تارتىپ،
روجەكلەردە بولۇپ نۇر، كۆزنەكلەرنى ئاچاي دەپ.

بوغۇنلارنى ياشناتقان باغۋەنلەرگە ئاپىرىن!
ئالقىشلاردىن زەرباب تون تارتۇق قىلىپ ياپاي دەپ.

ياخشىلىقنى قوغدىماق پەرز ئاقىل ئىنسانغا،
رەزىللىكنىڭ يىلتىزىنى قەھرىم بىلەن چاپاي دەپ.

ھايات شۇنداق ئۇزاق يول، مەنزىللىرى كۆرۈنمەس،
شۇ مەنزىلدە چارچىماس تۇلپار بولۇپ چاپاي دەپ.

ئانا خەلقىم جان كۆيەر ماڭا قاياش مەڭگۈگە،
شۇ ۋەجىدىن مەن ئەبەد گۈلخان بولۇپ ياناي دەپ.

1997 ـ يىلى يانۋار، چاپچال



## دېھقان

تاڭ سەھەردە تورغاي سىنىڭ سىردىشىڭ،
تاڭ شامىلى چېھرىڭ سۆيگەن قولدىشىڭ.
ئەگىم ئاينى سولىلىرىڭدا سويلاتساڭ،
كەتمەن قوياش قولىلىرىڭدا يولدىشىڭ.

خىزىر كەبى
خىسلىتىڭنى نېمە دەي!؟
تەرىپىڭدىن سانسىز قاموس توشار ھەم.
مەرمەر داننى چەشلەپ —
چەشلەپ تاغ قىلدىڭ،
ئايدىڭلاردا ناخشاڭ كۆكنى قوچار ھەم.

بېسىلىدۇ ئېتىزلارغا گۈل ئەنداز،
ئىشتا پىشقان ئالىقىنىڭنى ھەر ئاچساڭ.
سىنىڭ كۆڭلۈڭ دەريا كۆڭۈل كەڭلىكىدە،
كۆزلىرىڭدە سەمىمىيلىك ھەر باقساڭ.

ئانا زېمىن ساڭا يۆلەك ـ مەدەتكار،
رىشتىڭ ئاڭا چىڭ چىگىلگەن بىر تۇتاش!

مەڭ ھاتەممۇ سۇ قۇيالماس ئالدىڭدا،
سەن ئايازدا
كۆلۈپ باققان
بىر قۇياش!!!

1997 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال



# باللار كۆڭلى غۇبارسىز تاڭدەك

ئاق مامۇققا پۈركەندى ئەتراپ،
جىلغىلىنەر كەڭرى دالالار.
تايغانلىرى كەينىدىن يۈگۈرۈپ،
توشقان قوغلاپ يۈرەر باللار.
بەزەن خۇشال،
بەزەن تەشۋىشتە،
قالدى قاراپ ئەزىز ئانىلار...

تەشۋىشلەنمەڭ ئەزىز ئانىلار،
يايرىۋالسۇن ئوماق باللار.
گۈزەل سۈرەت يۈرەكلىرىدە،
ئۇچۇپ كەتتى ئەنە چانىلار...
باللار كۆڭلى غۇبارسىز تاڭدەك،
ئاپپاق قاردىن ئاق ئۆرنەك ئېلىپ.
سۈرەن سالار ئۇلار خۇشلۇقتا،
ئارمانلارنى تۇلپار قىپ مىنىپ!

1998 ـ يىلى يانۋار، چاپچال

## سەن يېزىلدىڭ تارىخ بېتىگە

(بوشلۇق شاھى ئادىل ھوشۇرغا بېغىشلايمەن)

تەڭرىتاغنىڭ ئوغلىسەن،
بىزنىڭ غۇرۇر - پەخرىمىز.
ئەجدادىڭنىڭ قېنى بار،
ۋۇجۇدۇڭدا جۇش ئۇرغان.
«بوشلۇق شاھى» ئاتالدىڭ،
مۇئەللەقتە تاڭ سەھەر؛
خالايىقنى تاڭ قىلىپ،
كۆڭۈللەرنى تولدۇرغان!

لەۋز قىلدىڭ ئوغۇلدەك!
ئادا قىلىڭ لەۋزىڭنى.
چىمەن دوپپاڭ بېشىڭدا،
زەر - جۇلالىق نىشانەڭ.
ئاتا - ئاناڭ روھى ھەم،
بولدى قولداش خەيرىلىك؛
يالىلدىدى يۇلتۇزدەك،
ئاناڭ سۆيگەن پېشانەڭ.

كۆتۈپ ئالدى ئەرشىنىڭ،
ساھىبجامال ھۆرلىرى؛
ئۇيغۇر ئوغلى ئادىلجان،
ساڭا شەيدا بېقىشىپ!
چاۋاك چالدى دولقۇنلار،
«بارىكاللا!» دېگەندەك.
چوققىلارمۇ ھۆرمەتتە،
قىلدى سالام ئېگىشىپ!

ئاتا مىراس ھۈنەرنى،
سەن يەتكۈزدۈڭ ۋايىغا.
ساڭا ئالقىش ياڭراتتى،
چاڭجياڭ،
ئىلى
زەرەپشان ...
ھېسسىيات دېگەن شۇنداقكەن،
خۇشاللىقتىن ياش تۆكتۇق.
تومۇرلاردا ھۇررالار،
ياساپ ئۆركەش زور قىيان ...!

1997 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال

# تىرىك ۋۇجۇد، ئويغاق روھ تەلپۈنۈشلەر ئىلكىدە

سىڭدىم شۇ تاپ زەر بولۇپ،
ئارمانلارنىڭ قوينىغا.
ئاي ئوينايدۇ سامادا،
يۇلتۇزلارنى كۈلدۈرۈپ.
ياخشى خىسلەت ئەزەلدىن،
ياخشىلارنى ئۇلۇغلاش؛
يۈرەكلەردە ساپ سۆيگۈ،
گۈللىرىنى ئۈندۈرۈپ.

تەبىئەتنىڭ تەڭداشسىز،
مېۋىسىدۇر ئادەملەر.
سۆيۈش كېرەك شۇڭلاشقا،
باغلاپ ئاڭا مۇھەببەت.
قەدىر دانلار قەدىرلىك،
بېشارىتى تۇمەن خىل.
بۇ ھاياتلىق سەتھىدە،
سۆيۈندۇ دىل ئەبەد.

ئۈمىد بىلەن ئىنتىلىش،
قانىتىدۇر ئۆرلەشنىڭ.
تاتلىق تىلەك، ساپ ھېسلار،
چىن ئىنسانني يۈرەكتە.
يۈكسەكلىكنى ئۇلۇغلاپ،
ئاشىق بولغان مىليونلار؛
كەڭ سەھنىدۇر بۇ ھايات،
ئەنە ھەممە كۆرەكتە!

پاك تۇغۇلدۇق ھەممىمىز،
پاك كېتەمدۇق بىلمەيمىز.
ئىنسان شۇنداق مېھماندۇر،
ھايات ئاتلىق ئۆتەڭدە.
ئۆمۈر گۈلى سولمايدۇ،
پەرۋىش تاپسا سەرۋىدەك؛
گىرە سېلىپ بويىنغا،
قۇياش كۈلۈپ سۆيگەندە.

ئالەم سىرلىق بىپايان،
قىسمەتلىرى ئاجايىپ.
سانسىز سوئال ئالدىڭدا،
ھەر قەدەمدە ئىمتىھان.
ئۇزاقلاردا ساھىللار،
چىندام بىلەن نەتىجە؛

نېسىپ بولار ھەرقاچان،
ھەممىمىزگە قۇت ـ ئېھسان.

نادانلىق ھەم خۇراپات،
دۈشمىنىدۇر ئىنسانىنىڭ.
مەرىپەتتۇر چىرىغى،
يالىلدايدۇ روجەكلەر.
قاششاقلىقنى يولاتما،
بوسۇغۇڭغا ھېچقاچان؛
ئەلەم چېكىپ ھەسرەتتە،
كۆيمىگەي دىل ـ يۈرەكلەر!

تىرىك ۋۇجۇد، ئويغاق روھ،
تەلپۈنۈشلەر ئىلكىدە؛
سۆيۈندۈرەر ئۈمىدنى،
ۋىسالىلارغا يېتەكلەپ!
سەن سۆيسەڭلا ئۆزۈڭنى،
سۆيەلەيسەن باشقىنى؛
كەڭ ئۇپۇقتا چاقنايدۇ،
ئىستىقباللار چېچەكلەپ!!!

1998 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال

# ئانا خەلقىم سۆيمىسە

ئانا خەلقىم سۆيمىسە تاپماس ھېچكىم ئىناۋەت،
ئەلنىڭ ئوغلى ئەبەدىي ئەلگە قىلماس خىيانەت.

پەرھات كەبى تاغ چاپساڭ شېرىن خۇشتار بىر ساڭا،
ۋۇجۇدۇڭدا ئۇرغۇيدۇ پۈتمەس غەيرەت ـ شىجائەت.

چۆللەرگە سۇ باشلىساڭ يۇلغۇن، توغراق شاد كۈلەر،
كەڭ ئۇپۇقتا نامايان چارۋاغدەك قىياپەت.

روناق تاپار تەر تۆكۈپ ھالال ئىشلەپ ھارمىغان،
«چاشقان» بولساڭ تام تەشكەن مىڭ ـ مىڭ ئۆلۈم، جىنايەت.

ئىلىم ـ پەندىن شان قۇچۇپ مارسلارغا يول ئالساڭ،
ۋىسال تاپار ئىستىكىڭ ھۆر قىزلارغا ئامانەت.

ئۇپۇقلاردا قىزارغان شەپەقلەردە خىجىللىق،
ئەلنى دېگەن تىلىكىڭ بولماي قالسا ئىجابەت.

ئاي توسۇيدۇ يۈزىنى يۇلتۇز كۆيەر ۋىلىلداپ،
ئەل ئىشىدا تاپمىساڭ ياخشى خىسلەت، دىيانەت.

كۆيۈپ ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن تۆكۈپ مەڭگۈ كۈمۈش تەر،
باغ ياسىسام ئەۋلادقا شاد ئۆتەرمەن داۋامەت.

2000 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# ئىپتىخارىم سەن مېنىڭ

تەپەككۇرۇم كۆزىدە،
شەپقىتىڭدۇر جان ئاتا.
مەن دۇنياغا كۆز ئاچسام،
شادلاندىڭسەن جان ئاتا.
جىلۋىگەردۇر قۇياشتىن،
چىرايىڭ ھەم زىيادە.
قامىتىڭكى كۆكلەرگە،
تاقاشقانتى جان ئاتا.

مەن تۇغۇلسام سەن گويا،
يەنە قايتا تۇغۇلغان.
ئاشۇ دەمدە يۈرىكىڭ،
كەتكەن خۇشال تېپچەكلەپ.

يالقۇنلىغان مېھرىدە،
ھەم سىلىغان بېشىمنى؛
ۋۇجۇدۇڭدا ھاياجان،
ئارمانلىرىڭ چېچەكلەپ.

تاپىنىمغا مۇبارەك،
لەۋلىرىڭدە سەن سۆيدۇڭ.
مەن ئارقاڭدىن ئەگەشسەم،
ئېلىپ ماڭدىڭ يېتەكلەپ.
يايراپ كەتتى تەنلىرىڭ،
ئېرىپ گويا سىمابتەك؛
ۋۇجۇدۇڭدا بىر لەرزە،
تۆكۈلگەندە ئېتەكلەپ.

سېنىڭ ئالتۇن قۇچىقىڭ،
مەن بېشىمنى قويغىنىم؛
مېنىڭ ئۇچۇن كۆتۈردۇڭ،
مۇشكۇللەرنى يەلكەڭدە.
سۇمباتىمنى، بەختىمنى،
كېچە ـ كۈندۈز تىلىدىڭ؛
مېنىڭ قەددىم شەمشادتەك،
سەن قەددىڭنى ئەگكەندە.

سېنىڭ مېھرىڭ قۇرۇماس،
بۇلىقىدۇر شەپقەتنىڭ؛
ئوتلۇق ئېقىم جۇش ئۇرغان،
يۈرىكىڭدىن ۋولقاندەك.
بالام!
دېسەڭ ھەر قېتىم،
سۆيۈنەتتىم ئالەمچە.

شۇ دەقىقە مېنىڭكى،
قۇتلۇق تويۇم بولغاندەك!

كىچىكلىكتە قەدرىڭنى،
بىلمەپتىمەن ئويلىسام؛
نادانلىقكەن سەۋەبى،
تاپتىم ئاڭا مەن جاۋاب.
ئەمدى ئاڭا يوق پۇرسەت،
پۇشايمانغا قاچا يوق؛
ئۆتەي ئەھدىم جان ئاتا،
ئۇمىدىڭنى مەن ئاقلاپ!

قويۇپ بەردىڭ ئەركىمگە،
يولنى ئۆزۈڭ تاللا دەپ.
پەرۋاز قىلسام شۇڭقاردەك،
كۆككە يەتكەن بېشىڭمۇ.
ھەر ئۆرلىشىم سەن ئۈچۈن،
بولغانىدى بىر بايرام؛
بال تېتىغان مەن ئۈچۈن،
ئىچكەن ئۇماچ ئېشىڭمۇ.

تەلپۈنىمەن دائىما،
ئىنتىزارلىق ئىلكىدە؛
خىزىر سۈپەت نۇرانە،
دىدارىڭنى كۆرسەم دەپ.

تاڭلار بىدار تەلمۈرۈپ،
كۆزلىرىمدە دۇردانە؛
يۈزلىرىمنى يۇزۇڭگە،
يېنىپ - يېنىپ سۈرسەم دەپ.

تارام - تارام ياشلىرىم،
تۆكۈلىدۇ يامغۇردەك؛
ئاتىجانىم مۇقەددەس،
غېرىب قەبرەڭ قۇچاقلاپ.
شىۋاقلاردىن كۈمۈش رەڭ،
تونۇش ھىدىڭ پۇرىساڭ؛
گويا سېنى كۆرگەندەك،
كېتەر يۈرەك ئويناقلاپ.

ئاتىجانىم كەچۈرگىن،
بەختىياشلىققا مىڭ لەنەت؛
ئۇنتۇمايمەن ساۋاقنى،
دىلدا مەھكەم ساقلايمەن!
ئېيتىخارىم سەن مېنىڭ،
دىل تەختىمدە شاھانە؛
قورۇنمىغاي روھىڭ ھېچ،
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن!!!

1999 - يىلى يانۋار، چاپچال

# ئادەملەر

ئۈنتۈمىغىن، كىيىنكى
كۆنلىرىڭ بار ئادەملەر.
ئۈنتۈمىغىن، ۋەدىلىك،
سۆزلىرىڭ بار ئادەملەر.
ھوسۇل ئالدىم دەپ خۇشال،
بولما ئۈنچە ئالدىراپ؛
تېخى تېرىپ بولمىغان،
بوزلىرىڭ بار ئادەملەر.

ئالەم دېگەن بەك چەكسىز،
ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا؛
ئۈنتۈمىغىن،
قىش ھەم ياز،
كۆزلىرىڭ بار ئادەملەر.
بىز ياشايمىز ئۈمىدتە،
بەخت،
ئارزۇ، ۋىسال دەپ؛
ئۈنتۈمىغىن ئوغۇل ھەم
قىزلىرىڭ بار ئادەملەر.

بۇ ئالەمدە ياشايمىز،
نېمە ئۈچۈن،
نېمە دەپ؟
بۇ سوئالغا جاۋابنى
تاپقان ياخشى ئادەملەر.
قاقشاپ قالغان ئۇياتقۇ،
ئۆتكەن كۈنگە پۇشايمان يەپ؛
شۇڭا بۇگۈن غەنىيمەت،
بىلگەن ياخشى ئادەملەر.

بىر كۈن ھايات ياشىساڭ،
پاك ياشىغان بەك ئەۋزەل.
ئەل قارغىشىنى ئالمىغان،
ئەر كۆكرەر ئادەملەر!
ۋىجدان سوتى ئالدىدا،
بېشىڭ چۈشمەي تىك تۇرساڭ؛
ئەزىز بىلىپ بېشىدا،
ئەل كۆتۈرەر ئادەملەر!!

سىرلىرى كۆپ ھاياتنىڭ،
ئالىملارمۇ يەشمىگەن؛
قېنى،
شۇنى يېشىپ باق،
ئاقىل بولۇپ ئادەملەر.
سايىللىرى كۆرۈنمەس،

مەنزىللەرنىڭ چېكى يوق؛
چوققىلارغا ئىز سالغىن،
قابىل بولۇپ ئادەملەر.

قولۇڭ بەرگىن مەردانە،
داۋانلاردا ھالسىزغا.
مىسكىنلەرگە بول يۆلەك،
ھەر تاماندا ئادەملەر!
ھەسەتلەرگە ئوت قويغىن،
كۆيۈپ كەتسۇن كۈل بولۇپ.
ئاندىن يايراپ ياشايمىز،
بۇ دۇنيادا ئادەملەر!!!

قولنى قولغا تۇتۇشساق،
ئېقىتالماس توپان سۇ؛
ئىناقلىقتا
كۆكلەيمىز،
سۇرۇپ دەۋران ئادەملەر!
شۇنداق گۈزەل ئەتىمىز،
ئىقبال سۆيۈپ يۈز ئاچقاي،
شۇ ئەتىنىڭ پەيزىنى،
تەڭ سۈرەيلى
ئادەملەر!!!

1998 ـ يىلى 31 ـ ئىيۇل، چاپچال

## ئانا زېمىن يىلتىزىڭ

يوللىرىڭغا گۈل چاچار،
سۈبھى قىزى ھۆرمەتتە.
سەن كۆرۈنسەڭ نۇر بولۇپ،
مايسىلارنىڭ بەرگىدە.
باھادىرسەن چىداملىق،
ۋۇجۇدۇڭغا كۈچ تولغان؛
ئېتىزلىرىڭ گۈللەپتۇ،
گويا شەپەق رەڭگىدە.

ياخشىلىققا جورۇيسەن،
تالاي ئېغىر ئىشلارنى؛
ھايات ـ تۇرمۇش سۈرىتى،
ئەكس ئېتەر كۆزۈڭدە.
زارلىمايسەن قىلچىمۇ،
تومۇزلاردا، ئايازدا.
سەمىمىيلىك ھالاللىق،
ئىش ـ ھەرىكىتىڭ،
سۆزۈڭدە.

بوران ـ يامغۇر شاھىتى
سەن تارتقان جاپالارنىڭ؛
زېمىن ئانا سۆيۈنەر،
سەن تۆككەن كۈمۈش تەردىن.
قەددىڭ قانچە ئېگىلدى،
ئوڭ ـ تەتۈر خاتالاردىن؛
ۋايىسماي چىداپ ئىشلەپ،
ھوسۇل ئالدىڭ
قوڭۇر يەردىن.

ھەر كۈنى قۇش ھومايۇن،
كېلىپ قونسۇن بېشىڭغا؛
ھاتەمنىڭ قىزى
سۆيسۇن،
دېھقىنىم پېشانەڭگە!
ئانا زېمىن يىلتىزىڭ،
يىقىلماسسەن،
چىنارسەن،
ھاللىقىڭ قامۇستۇر،
ئېتىقاد نىشانەڭگە!!!

2000 ـ يىلى 1 ـ ماي، چاپچال

## سۆيگۈ مەنسۇپ ئىككىمىزگىلا

«پىستىڭىدە» كۈلدۈڭ جىلمىيىپ،
بىر دەستە گۈل شۇ دەم زىنىنىڭ.
ۋۇجۇدۇمنى قىلدى سىمابتەك،
ئىپار ھىدلىق ئوتلۇق تىنىقىڭ.

چۈشلىرىمدە كۆرىمەن سېنى،
جوپ قولۇڭدا مەن بەرگەن گۈلۈك.
كۆزلىرىڭدىن كۆردۈم ئۆزۈمنى،
قۇلىقىمدا سېنىڭلا ئۈنۈڭ.

ھىجران بىزنى ئايرىلالمىدى.
ۋىسال دائىم بولغاچقا قولداش.
سۆيگۈ مەنسۇپ ئىككىمىزگىلا،
ئىشەنچ، ۋاپا ئۆمۈرلۈك يولداش!

2000 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال

# تولۇن ئايغا ئېيتتىم سىرىمنى

سېنىڭ كوچاڭنى نىشانلاپ نىگار،
توختىماستىن مېڭىپ كېلىمەن.
ئۆتالىسام كۆڭلۈڭنى سېنىڭ،
يۈرىكىم تۈتۈپ قېنىپ كۈلىمەن.

گۈل ئورنىدا يۈرىكىمنى بىل،
ئىككى قوللاپ ئۇزاتتىم ساڭا.
تولۇن ئايغا ئېيتتىم سىرىمنى،
راستلىقىغا يۇلتۇزلار گۇۋاھ!

2000 ـ يىلى ئىيۇن، چاپچال

## سەن مېنى ئۇچۇرغان ئېھ ئالتۇن ئۇۋا

ھەر كەلسەم ھۆسنىڭگە باقمەن يۈرتۈم،
بارچىنى لال قىلىپ مەھلىيا ئەتكەن.
ئەجدادىم ئىزلىرى سەندە نامايان،
بوز ئېچىپ،
يول ئېچىپ ئۆچمەس گۈل چەككەن!

قارىسام،
سېنىڭدە بوۋام ماڭغان يول،
ئۇزاقتا مەشئەلدەك تۇرار نۇر چېچىپ.
كېلىمىز شۇ يولدا مەن ھەمدە ئوغلۇم...
ئىز بېسىپ ھاياتقا يېڭى بەت ئېچىپ.

سېنىڭدە موماممىنىڭ،
ئانامنىڭ يەنە،
ئۇنى بار بەك مۇڭلۇق ئەللەيلەر ئەتكەن.
ناخشىغا ھېرىسمەن بولغىنىم شۇندىن،
مۇڭ تىڭشاپ يۈرەكنىڭ تارىنى چەككەن.

ئېھ،

يۇرتۇم سەن ئۆزۈڭ ھېكمەت ماكانى،
سېنىڭدە يۈز ئاچقان ۋىسال،
مۇھەببەت.
سىرلىرى كۆپ ئىكەن بىلسەم ھاياتنىڭ،
يېشىشكە بەل باغلاپ
ئۆتىمەن ئەبەد.
باتۇرلۇق ھەققىدە تالاي قىسسىلەر،
ئاڭلىدىم ھەم سەندە تونۇر بېشىدا.
سىنىدىم ئۆزۈمنىڭ باتۇرلۇقۇمنى،
بىر كېچە تۈنەپ ھەم قەبرە قېشىدا.

سېنىڭدە ئۆگەندىم كەتمەن چېپىشنى،
چام ئىلىپ ۋايىسماي راسا گۆپۈلدەپ.
تاۋلىدى يەلكەمنى مەزمۇت، زەبەردەس،
تومۇزلار گۈلخاندەك يېنىپ ھۆپۈلدەپ.

ئوغلۇڭنى ئۆگەتتىڭ ھالال ياشاشقا،
تاڭلاردەك پاك، سۈزۈك ئوغۇز سۈت بېرىپ.
كۆكلەرگە ئۆرلىگەن پەرۋازلىرىغا،
ئالەمچە مېھرىڭدە مەدەت ـ كۈچ بېرىپ.

ئات سالدىڭ يېڭى ئەسىر بەيگىلىرىگە،
قاشقاشقلىق سەن ئۈچۈن قالسۇن چۈش بولۇپ.
شان ـ زەپەر سەھنىسى كۈتمەكتە سېنى،
ئىلىم ـ پەن ئۆرلەشكە قانات، كۈچ بولۇپ.

ئانامسەن،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ساغا،
سەن مېنى ئۇچۇرغان ئېھ،
ئالتۇن ئۇۋا!
ئۈزۈلمەس يۈرىكىم رىشتى سەندىن،
ئەھدىمگە
كۆكتىكى ئاي،
قۇياش گۇۋاھ!!!

2000 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال



# يىللار ئىشقى ئۇلۇغ كۈي

دوستلار، سىزگە مۇبارەك،
يېڭى يىلدا يېڭچە.
بۈگۈن قۇتلۇق يېڭى كۈن،
چېچەك ئاچتى تىلەكلەر.
ئەسكە ئالدىم ياشلىقنى،
قىيالماستىن يېنىشلاپ؛
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
ھاياجاندا يۈرەكلەر.

ھايات گۈزەل سۆيۈملۈك،
تاڭلىرىدا يىللارنىڭ.
ئاق مامۇقتەك ئاپپاق قار،
دالالاردا يالتىرار.

ئارزۇلارنى ئەللەيلەپ،
ئۈمىدلەرنىڭ بۆشۈكى؛
سۆيگۈ، ۋىسال بابىدا،
مەڭگۈ سولماس گۈل ئاچار.

يېڭى يىلدا قۇچاقلاپ،
ياخشى تىلەك بارچىنى؛
كۆرۈك،
دوستلار چېھرىدە،
پارلاپ تۇرار نۇر ئاپتاپ!
چىدامىلىقلار ياشايدۇ،
مەڭدىمەستىن يول ئېچىپ؛
تۇرماس بەخت يۇلتۇزى،
ھۇرۇنلارنى ھەم ساقلاپ.

ھەممىمىزگە قەدىرلىك،
قۇتلۇق ناخشا يېڭى يىل؛
يېڭى تۈيغۇ،
يېڭى ھېس،
ئۇرغۇپ تۇرار قانلاردا!
يىللار ئىشقى ئۈزۈلمەي،
ياڭراپ تۇرار جاراڭلاپ؛
ئۇلۇغ ئېقىن،
كۆي بولۇپ،
ئېتىز،
زاۋۇت،
كانلاردا !

تۇغۇلىمىز گوياكى،
بۇ دۇنياغا باشقىدىن؛

يېڭى روھتا كۈچلىنىپ،
يېڭى يىلدا پاكلىنىپ.
بەيگىلەرگە چۈشىمىز ،
تۇلپارلارنى ئېگەرلەپ؛
ئۇزاق، مۇشكۇل سەپەرگە،
شىجائەتتە ئاتلىنىپ.

دوستلار ، سىزگە مۇبارەك،
يېڭى يىلدا يېڭىچە.
بۈگۈن قۇتلۇق يېڭى كۈن،
چېچەك ئاچتى تىلەكلەر!
ئىجاد بىلەن ياشنايدۇ،
ئىنسان قەدرى ئەبەدىي؛
تاقاپ يىللار كۆكسىگە،
ئۆڭمەس رەڭدار بېزەكلەر!!!

1999 ـ يىلى يانۋار، چاپچال



# ھېيتىڭ مۇبارەك

ھېيتىڭغا مۇبارەك يۈرەكتىن دوستۇم،
ئۆيۈمگە پەتىلەپ كەلمىسەڭ مەيلى.
ئاداۋەت، رەنجىشلەر تۈگىسۇن تامام،
بىرلىكتە ھېيت ئويناپ ئىناق ئۆتەيلى.

ئەجدادلار روھىغا قىلايلى دۇئا،
چوڭلارنى قەدىرلەپ قىلايلى رازى.
كىچىكلەر شەپقەتتىن كۈلسۇن سۆيۈنۈپ،
گۈللىسۇن ھاياتنىڭ باھارى، يازى.

دوستلارغا تىلەيلى ياخشى تىلەكلەر،
يار بولسۇن ئەبەدىي بەخت ۋە ئامەت.
بويىنىنى قىسمىسۇن غېرىب - غۇرۋالار،
قولىغا قول بولۇش ئۇدۇم - ئادەت.

مۇبارەك ئېيتايلى بارچە بىرلىكتە،
ھېيتىمىز قىزىسۇن كۈلەيلى بىللە!

ئۆم ـ ئىناق ئۆتەيلى
نامىمىز ئاقلاپ،
ياشىسۇن قەدىمى ئۇلۇغ ئەنئەنە!!!

2000 ـ يىلى مارت، چاپچال



# كەلدى نورۇز گۈلخۇمار

كەلدى نورۇز يىل بېشى،
يېڭىلىقتىن بېشارەت.
كۈلۈپ كەتتى كەڭ دالا،
مىدىرلايدۇ مەۋجۇدات.
سەن يېشىللىق ئەلچىسى،
خۇش مۇبارەك دىلرەبا؛
تۈيغۇلارنى غىدىقلاپ،
جىلۋە قىلغان پەرىزات.

سېنىڭ ئىللىق كەڭ باغرىڭ،
يېشىل ھايات ئانىسى.
سەن تەبىئەت ئەركىسى،
ساڭا شەيدا كائىنات.
ئانا ئالتۇن دىيارغا،
سەن ئاتىدىڭ مۇھەببەت.
سەن ئەجدادتىن تەۋەررۇك،
بىزگە ئىنئام ـ ئىلتىپات.

نۇر ئۇزاتتىڭ ئۇپۇقتىن،
بولۇپ ئاپتاپ ـ قۇياشتەك.
قىرغاقلارنى ئويغانغان،
چىن سۆيگۈدە قۇچاقلاپ.
نۇرۇڭ ئەكسى يالقۇنجاپ،
يانغان ئوتلۇق زور ئوتقاش؛
ۋادىلارنى باغاشلاپ،
ئاقار دەريا ئوت چايقاپ.

شوخلۇق قىلىپ تىنمايدۇ،
شاماللارمۇ بۇ ئەسنا؛
كەلدى نورۇز دەپ خۇشال
چالدى كۈمۈش قوڭغۇراق.
نازۇك ھېسلار دەۋرەيدۇ،
خىياللارنى نازغىتىپ؛
تاشقىنلىدى دىللاردا،
ئوتلۇق ھەۋەس ـ ئىشتىياق.

ئۈنلىمەكتە تۈمەن قۇش،
ئورمانلاردا بەس ـ بەستە.
چۇقان سالار ئېقىنلار،
بوستانلارغا ئېلىپ يول!
جىلۋە قىلار باغلاردا،
تەبەسسۇمدا چېچەكلەر؛

ھايات شۇنداق گۈللەيدۇ،
ئېچىل ئۆتسەڭ تۇتۇپ قول!

يېڭى سۆيگۈ يۇرەكتە،
ئوتلۇق ھېسلار چاچرىتىپ؛
ۋۇجۇدلارنى ياندۇردى،
لاۋۇلدىغان زور گۈلخان.
كەلدى نورۇز گۈلخۇمار،
ئارمان قىلىپ زارىققان؛
پۈتمەس سۆيگۈ ئىلكىدە،
ئېھ،
سۆيۈملۈك قەدىردان!

تەبىئەتنى گۈللەيسەن،
ئىشقىڭ بىلەن ھەر كەلسەڭ.
رۇخسارىڭغا مەھلىيا،
مىدىرلىغان جىمى جان.
تەييارلاپتۇ بويۇڭغا،
مۇبارەكلەپ ئاسماقتا؛
ئەنە،
دېھقان يىگىتمۇ،
كۈمۈش تەردىن
زەر مارجان!

دالالارنى، قىرلارنى،
چىللاپ يېڭى ھاياتقا؛

سەن كېلىسەن جاھانغا،
قۇچاق - قۇچاق گۈل چېچىپ!
سېنىڭ ياڭراق كۈلكەڭدىن،
جاراڭلايدۇ كەڭ ئالەم؛
سېنىڭ بىلەن پارلايدۇ،
يېڭىلىقلار يۈز ئېچىپ!!!

چىمەن بىلەن بۇلاقنىڭ،
قوشۇلۇشى گوياكى؛
نورۇز ئۇلۇغ
زور ئېقىن،
توختىمايدۇ ياشنايدۇ!
بىزگە ئۆدۈم ئەجدادتىن.
قۇتلاپ نورۇز ئۆتكۈزمەك؛
بۇ تەۋەررۇك ئەنئەنە،
ئۆچمەس نۇر بوپ چاقنايدۇ!

1999 - يىلى مارت، چاپچال



# باھار سىزدىك، تاڭ سىزدىك

ئىلاھ ئەمەس سەن ئادەم،
ئوتلۇق مېھرىڭ چېكى يوق.
ئەۋلاد ئۈچۈن باغلىغان،
رىشتىڭ مەڭگۈ يېشىلمەس.
پەرۋانىسەن بالاڭغا،
ئانا قۇشسەن گوياكى.
دان بېرىسەن تىنمايسەن،
ھارغىنىڭمۇ بىلىنمەس.

باھارغىمۇ، تاڭغىمۇ،
سەن بېرىسەن گۈزەللىك.
سېخىيلىقتا سەن يەكتا،
ھەتتا خىجىل قۇياشمۇ.
سەن بىر ئاپتاپ بەجايىكى،
مېھرى تەپتى سوۋۇماس.
سەندىن ئۆلگە ئەۋلادقا،
ھايات سۆيۈپ ياشاشمۇ.

ئارمىنىڭ شۇ باچكىغا،
تۆمۈر قانات پۇتۇلسە.
قىلسا پەرۋاز سامادا،
كۆك يارغان شۇڭقار بوپ.
ياكى سەندەك بىر ەرسى،
بولسا ئۆچمەس نۇرلۇق شام.
نادانلارنى ئويغاتقان،
كېچىلەردە زەر بولۇپ.

ياكى بولسا بىر ەرسى،
تەمەلەردىن يىراقتا؛
بولسا دېھقان مېھرىنى،
ئانا يەرگە ئاتىغان.
بولسا ئالىم ھەممىسى،
كۆككە بېشىڭ يېتەتتى.
ھالال ياشاپ ئېلىگە،
شەرەپ گۈلى تاقىغان!

سالام!
دېسە بىر قېتىم،
سەن ئالدىدىن ئۆتكەندە؛
يايراپ كېتىپ تەن ـ تېنىڭ،
مىڭ ياشايمەن شادلىنىپ!
گويا چاقماق چاققاندەك،
ۋۇجۇدۇڭدا بىر لەرزە؛

ئەۋلاد كۆلسە دېگەن شۇ،
ئارمانلىرىڭ قاتلىنىپ!!!

مەرىپەتسىز ياشىغان،
نادان مىللەت دۇنيادا؛
چاڭ ـ توزانغا كۆمۈلۈپ،
توزۇپ كېتەر بۇ ھەق گەپ.
شۇڭا ئارزۇ ـ ئۈمىدتە،
تىلەپ كەلدىڭ، ئەۋلادىم
ئايغا چىقىپ ئالەمنىڭ،
سىرلىرىنى ئاچسا دەپ.

باھار سىزدىڭ،
تاڭ سىزدىڭ،
ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا.
تاشقا مۆھۈر باسقاندەك،
ئۆچمەس نەقىش
گۈل قىلىپ!
شۇڭا ئەجرىڭ ئۆچمەيدۇ،
ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەر؛
مىليونلىغان يۈرەكتە،
ياشنار ئەبەد
يادلىنىپ!

1999 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال

## يىللارنىڭ بەرگىنى ئۈمىد، مۇھەببەت

ئالەمگە كۆز ئاچتىم يېڭىلىق بىلەن،
بۇ ماڭا يىللارنىڭ بەرگەن سوۋغىسى.
بىغۇبار پاك ئىدىم ئانام باغرىدا،
روھ بىلەن مەن تەننىڭ يۇغۇرۇلمىسى.

بوۋاقلىق چاغلىرىم ئۆتتى بەكمۇ تېز،
بالىلىق يۇگۇرۇپ يېتىشتى ماڭا.
قەلبىمدە ياخشىلىق ھەمدە يامانلىق،
ھېسلىرى بىخلىدى شۇ چاغدا يەنە.

ياشلىقىم قوغلىدى بالىلىقىمنى،
يىللارنىڭ بەرگىنى ئۈمىد، مۇھەببەت.
تەنھالىق قەسرى ئاچتى دەرۋازا،
ھاياجان ئىلكىدە ھاياتقا قەۋەت.

مۇھەببەت ئىلاھى ھۆرلەر ئەۋەتتى،
جىلۋىسى ئېھ، ئىللىق گويا تولۇن ئاي.
تەڭلىكتە ھودۇقتۇم قايسىسى مېنىڭ،

مۇھەببەت،
مۇھەببەت سېھىرلەرگە باي.

مۇھەببەت تونۇتتى ماڭا ئۆزۈمنى،
تونۇتتى ھاياتنى،
ئادەملەرنى ھەم.
گۈزەللىك ئۆمرى قىسقا نېمىشقا،
كۆزدە ياش،
تاماقتا قالدى قىرتاق تەم.

قىرانلىق دەۋرىمنى سەن قىلدىڭ نېسىپ،
تەشەككۈر ئېيتىمەن رەھمەت دەپ يىللار.
ئەل - ۋەتەن مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا،
ئەجرىمدىن ھاسىلدۇر شۇ ئۆچمەس ئىزلار.

دۇنيادا ھېچ نەرسە ئەمەستۇر باقىي،
ئالماق بار، بەرمەك بار، بۇ شۇنداق ئالەم.
يورغىسىنى يىللارنىڭ توسالماس ھېچكىم،
ئەجرلىك مېھنەتتىن كۆكلەيدۇ ئادەم.

قالىدۇ مىنىڭدىن نەسەب، نېسىۋەم،
يوق ئىدىم، بار بولدۇم يەنە يوقايمەن.
ھاياتنىڭ بەرگىنى شۇ ئىككى يوقلۇق،
ئىز باسقان ئەۋلادىم مەۋجۇت قورقمايمەن.

يىللارنى ھاپاش قىپ كېلىدۇ نەۋرەم،
بۇمۇ بىر يېڭىلىق ئىزلارنى چاتقان!
ئۆتىدۇ كۆنلىرىم ئۇمىدتە شۇنداق،
ئېھ،
يىللار سەھىپەڭ يېڭى بەت ئاچقان!

2000 ـ يىلى يانۋار، چاپچال



# تاشلىغىن نىگاھ

كىرپىكىڭدىن ياسالغان ئوقلار،
يۈرىكىمگە ئاتتىڭ نىشانلاپ.
سەنتۇرۇلدۇم، بىراق ئۆلمىدىم،
بىر ئۇھ تارتىپ كەتتىم ئىرغاڭلاپ.

تىنىقىڭدىن گۈپۈلدەر ئىپار،
بېقىشىڭدىن تۆكۈلەر ئاپتاپ.
سەنغۇ كەتتىڭ مەن قالدىم تەنھا،
شۇنىڭدىن بۇيان بوپقالدىم بىتاپ.

ئۆتتى ۋاقىت ساقايدىم، ئەمما،
يۈرىكىمدە قالدى بىر تارتۇق.
قايتىپ كەلسەڭ تاشلىغىن نىگاھ،
شۇ نىگاھىڭ جېنىمدىن ئارتۇق.

2000 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال

# شادلىقىمدىن كۆتۈردۈم چۇقان

يۇلتۇز ئۇخلاپ قالدى بۇ مەھەل،
تېخى ئويغاق تەنها بىر ئۆزۈم.
ئەتراپىمغا قارايمەن تىمتاس،
سۇبھى قىزدىن ئۈزۈلمەس كۆزۈم.

ۋۇجۇدۇمدا پارتلاپ ۋولقان،
كۈلدى بېقىپ ماڭا ئاي، چولپان.
سەگىپ كەتتىم جىسمىم يېنىكلەپ،
شادلىقىمدىن كۆتۈردۈم چۇقان.

2000 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# جىسمىم شادلىق ئىلكىدە شۇ تاپ

چۈشلىرىمدە كۆرىمەن سېنى،
ئوڭۇمدا سەن كۆرۈنمەيسەن ھېچ.
ئىزدەپ باردىم دەريا بويىغا،
دەريا سۈيى غەمسىز تىپتىنچ.

بولدى شۇ دەم كۆڭلۈم پەرىشان،
ھىجرانىڭغا بېرەلمەي بەرداش.
دەريا سۈيى دەۋرىدى شۇئان،
دولقۇنلىرى مۇڭىمغا سىرداش.

سوئاللىرىم يېشىلدى تۇگەل،
پەرىشانلىق تارقىدى تامام.
مەجنۇنتاللار، مەخمەل قىياقلار،
پىچىرلاشتى، قىلىشتى سالام.

جىسمىم شادلىق ئىلكىدە شۇ تاپ،
ئىنتىلىشلەر ھەمراھ ھەم قاياش.
شىجائەتتىن پاكلاندى ۋۇجۇد،

ۋىسال،
ئارزۇ
بىر ئۆمۈر قولداش!

2000 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



## ھالاللىقتا قۇياشتەك جامال

تورزۇمايدۇ، تورزۇماس ئەسلا،
ساداقىتىم ئاچقان چېچەكلەر.
توڭدۇ، ئەمما ۋايىغا يەتسە،
پىشىپ قالار سويما ـ خەمەكلەر.

ساداقىتىم ئاچقان چېچەكلەر،
يۈرىكىمگە بېرىدۇ ئارام.
ھالاللىقتىن ئالىمەن بەرىكەت،
ھالاللىققا مىڭ مەرتە سالام!

ھالاللىققا مىڭ مەرتە سالام،
ھالاللىققا تەشنادۇر بالام.
ھالاللىقتا ياشنايدۇ دۇنيا،
ھالال بولسام ئەزىزلەر ئانام!

كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى ئەۋلاد،
سۆيۈملۈك دەر،
ھالال بول —
ھالال!

ھالاللىقتا قەددىڭ بىر شەمشاد،
ھالاللىقتا
قۇياشتەك جامال!!!

2000 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال



# تاڭ شامىلى، سۆيگەن يۇزۇمنى

تاڭ شامىلى سۆيدى يۇزۇمنى،
ئاھ، يۈرىكىم كەتتى تىپىرلاپ.
ئەركەم مېنى قىلمىغىن غەمكىن،
قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلاپ.

سەزگۈرلىرىم ھەمدەم بول ماڭا،
تاڭلار مېنىڭ سۆيگۈنۈم ئەبەد.
تاڭلار يۈيار ھەسرەتلىرىمنى،
مەن ئاشىقمەن ئۇنىڭغا قەۋەت.

ناخشىلىرىم تەڭكەش ساداغا،
سالاملىرىم ياڭرار ئالەمگە.
تاڭ ئەركىسى جىلۋىسى بىلەن،
مەنسۇپ ھايات سۆيگەن ئادەمگە.

تاڭ شامىلى، سۆيگەن يۇزۇمنى،
سەندىن ئالاي ئۆمۈرلۈك لەززەت.
ئىقباللارنى قوغلاپ تۇتۇۋال،
ۋىسال مەنسۇپ ئەبەدىلئەبەد!

2000 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال

# سەن تىكلىگەن ئۆلمەس ئابىدە

مەيىن شامال، چۆچەك ئېيتقىنىا،
ماڭا يېڭى سۆيگۈ ھەققىدە.
پۈتۈپ قويدۇم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
يۈرىكىمدە ئوتلۇق قەسىدە.

كەچمىشلەردىن يېزىپ خاتىرە،
سەن تىكلىگەن ئۆلمەس ئابىدە.
ياش تۆكمىسۇن ئۆكسۈپ قان يۈتۈپ،
سۆيگۈ ئىزدەپ مەسۇم ئاجىزە.

ئاجىزەنىڭ ئاۋۇنسۇن كۆڭلى،
پاك سۆيگۈنىڭ شەربەتلىرىدىن.
ساقلىغايكى ئىلاھىم ئۆزى،
يامان كۆزلەر ھەسرەتلىرىدىن.

سەنمۇ سۆيگىن ئېھسانىنى،
قۇتنى،
تەبىئەتنىڭ ئىگىسى ئادەم!
قۇياش بالقىپ،

تاڭلار سۈزۈلۈپ،
ئىلىلىقلىققا چۆمۈلەر ئالەم!!!

2000 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال



# ئەينەك ئالدىدا ...

يۈز ـ كۆزۈڭگە بېرىپسەن پەرداز،
مۈشۈنداق ھۈنەر ياقتىمۇ ساڭا؟
گۈزەلمەن دەپ ماختاندىڭ ئەجەب؟
شۇ گۈزەللىك ياقىمۇ ساڭا!؟

قىلمۇدىڭ يامغۇردا، ئەمما،
پۈتتى ۋەسسالام قىلغان ئەجرىڭ.
ئەينەك ئالدىدا، قالدىڭ ھەسرەتتە،
كۆرۈنۈۋىدى سولاشقان چىھرىڭ!

ياسىما گۈزەللىك ئالدىدىكى سىنى،
قوي بولدى، ئەمدى قىلما پۈشايمان!
قەلب گۈزەللىكى تاپقىن مەڭگۈلۈك،
غايىلىك بولۇپ ئەقىللىك ئىنسان.

2002 ـ يىلى ئىيۇن، چاپچال

# روھى ئەل بىلەن ھايات

(ئۇيغۇر سەنئەتكارى زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ ۋاپاتىغا
چوڭقۇر قايغۇ بىلەن بېغىشلايمەن)

سەنئەت ئاسمىنىدىن ئۇچتى بىر يۇلتۇز،
ھۆرلەر تۆكەر ياش، دىللار پەرىشان.
ئورمانلار سۈكۈتتە ئېگىپ بېشىنى،
گىياھلار ماتەمدە چەكمەكتە پىغان.

تەمبۇرلار ھەسرەتتە ئۇنلەيدۇ يۇم - يۇم،
دۇتارلار بوتلاقتەك بوزلايدۇ مۇڭلۇق.
بۇلاقلار،
قۇشلارمۇ يىغلار ئۇن سىلىپ،
دەريالار تولغىنىپ ئاقار قايغۇلۇق.

ھەسرىتا!
بۇ تەقدىر قانداق رەھىمسىز،
ئەكەتتى ئۇستازنى مەڭگۈگە بىزدىن.
ئەل باركى، ئۆلمەيدۇ روھى ئەبەدىي،
ئەۋلادلار ئىز بېسىپ بارار ئىزىدىن.

1986 - يىلى ئاپرېل، غۇلجا

# غەزەللەر

## (1)

كېلىمەن سەھرا، ساڭا دېھقىنىم سۇلتاننى دەپ،
ئەجدادىم ـ پۇشتۇم سېنىڭدە ھەم بېغىر ـ تۇغقاننى دەپ.

بالىلىق ئۆتكەن سېنىڭدە سېغىنىپ كەلدىم يەنە،
مومامنىڭ ئەللىيى سىڭگەن شۇ ئوماق پوسمامنى دەپ.

تال چىۋىقنى «ئات» ئېتىپ، «ئوغلاقچى» بولغىنىم ھەم راست،
قىشتا چاپقان تايغان بىلەن قىرغاۋۇل، توشقاننى دەپ.

يازدا ئۆتكەن كۆنلىرىم ساپ ھاۋالىق قوينۇڭدا شوخ،
كېلىمەن ھەم يار ئۈچۈن بىر قويۇم ئوسماڭنى دەپ.

تونۇر بېشىدا ئېيتىپ چۆچەك ئۆتكەن ئېسىل چاغلار قېنى!؟
كېلىمەن تونۇر قىزىتقان شۇ يېقىن قوشنامنى دەپ.

بىر يوتقاندا تەڭ يېتىپ ئۆتكەندۇق ئىناق ـ ئېجىل،
كېلىمەن ئىزدەپ ئۇلارنى ھېكىم، موللاق، ئوسماننى دەپ.

(2)

دىلبىرىم، سەن ئاي بولساڭ سەن ئۈچۈن ئاسمان بولاي،
يازدا سەن ئۈچۈن سايىۋەن، قىشتا ئوت، گۈلخان بولاي.

كىيگىنىم جۇل - جۇل كېپەن، جىسمىم كۆيەر ماگما كەبى،
ئىشقىڭدا مەنكى بىر قەلەندەر، قەسىرىڭدە سۇلتان بولاي.

دەرد يامان، ھەسرەت يامان، يۈرەكنى چىمداپ يەپ كېتەر،
شۇ سەۋەب، مەن سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر غەمخان بولاي.

يول داۋان، مەنزىل يىراق بۇ ھايات كارۋىنىدا،
چاڭقىساڭ چاك - چاك بولۇپ سۇ بېرىپ دەرمان بولاي.

تەڭ بولماس مەڭگۈگىچە بۇ ھايات تارازىسى،
ناتىۋان كۆڭلۈڭ ئۈچۈن مەن تەسەللى رەھمان بولاي.

تېرىساڭ بۇغداي، قوناق، شال، زىغىر، سۇلۇ، تېرىق،
سەن ھوسۇل يىغقاندا مەنكىم سەن ئۈچۈن خامان بولاي.

تۆپىلەپ باسسا سىلىق، قەددىڭ ئېگىلدى سۇنمىدى،
شۇڭا مەن ئۆمرۈم بويى ساڭا غەمخور پاسىبان بولاي.

(3)

سېنىڭ ئوتلۇق بىر نىگاھىڭ يۈرىكىمگە داۋا بولغاي،
تومۇزلاردا قىيا باقساڭ بۇ بېشىمغا سايە بولغاي.

سېنى دەپ يازسام غەزەل، قەسىدە، نەزمە پۈتۈپ،
جور بولۇپ تۈمەن بۇلبۇل باغدا خوپ ناۋا بولغاي.

غەپلەتتە قالسام بەزەن چۈش كۆرۈپ، ئۈيقۇ بېسىپ،
كۆزۈمگە ئۇل تۇتىيا ئۆچمەس نۇر ـ زىيا بولغاي.

تەر تۆكۈپ بوستان ياساپ ئۆتسەم ئانا خەلقىم ئۈچۈن،
مەندىكى ۋىجدان، بۇرچ ئاقلىنىپ ئادا بولغاي.

بىر ئەقىدە بار يۈرەكتە: ئەل ئامان، مەنمۇ ئامان،
لەۋزىدىن يانسام ئەگەر بۇ يۈزۈم قارا بولغاي.

**(4)**

يوق جاھاندا مەن ئۈچۈن ئىچكۆيەر سەندىن بۆلەك،
سىردىشىم سەن دىلكىشىم، غەمخورۇم تاغدەك يۆلەك.

رىغبىتىڭ قامچا ماڭا، مەدىتىڭ بولدى قانات،
شان قۇچۇپ كەلسەم ھامان بولدى ساڭا بايرام، كۆرەك!

بوز ئېچىپ كۆچەت تىكىپ باغ بىنا قىلسام يەنە،
چاڭقىسام ئۇسسۇلۇق بېرىپ سول ئېلىپ، تارتتىڭ چۆنەك.

كۆيلىرىمگە مۇڭ بولۇپ ئەۋجىگە چالدىڭ دۇتار،
نەزمە يازسام قۇتلىدىڭ ياڭرىتىپ ئالقىش، تىلەك.

سەن نىگارىم چولپىنىم يۈرىكىم ئاسمىنىدا،
ساداقەت گۈلزارىدا ئۈمىد، ئارمان ئاچتى چېچەك!

2003 - يىلى فېۋرال، چاپچال



# ماۋزۇسىز

دىل سىرىمنى ئېيتسام مەن ساڭا،
ئۆزگىلەرگە قىلما ئاشكارا.
سەن ئۈمچەيسەڭ بىھۇدە بىر رەت،
يۈرىكىم شۇ چاغ بولار مىڭ پارە.

ئاھۇ كۆزۈڭ سۆزلەر ھەممىنى،
قويمەن چېكىت نېمە ئۈچۈنگە.
سەن ۋىسالنى قويدۇڭمۇ ئاتاپ،
مەن دۇنيادىن يوقالغان كۈنگە.

2001 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال



## ئاسمانلىرىڭ سېنىڭ ساپ، سۈزۈك

ئاسمانلىرىڭ سېنىڭ ساپ، سۈزۈك،
تاڭلىرىڭدا ئوتلۇق تەبەسسۇم.
دالالىرىڭ كەڭرى مۇقەددەس،
گىياھلىرىڭ بىغۇبار مەسۇم.

ئۇلۇغ ئانام ئالتۇن دىيارىم،
ئوغۇز سۈتىنى ماڭا ئەمدۈرگەن.
يۈرىكىمگە چىگىكلىك رىشتىڭ،
ئېغىزمىنىم رىزقىمنى بەرگەن.

ئانا يۇرتۇم سەن ئالتۇن بۆشۈك،
كىندىك قېنىم ساڭا تۆكۈلگەن.
سەن ئەزىز سەن ماڭا قەدىردان،
تۇپرىقىڭغا ئەجداد كۆمۈلگەن.

باغلىرىڭدا قايىنايدۇ ھايات،
بالىلىقتا ئىزلىرىم قالغان.
ئىدىرلىقىڭ شاھىتى يەنە،
سېغىنىز ئېلىپ پۇتلىرىم تالغان.

چىغىر تىماقلىق چىغىر يوللار كۆپ،
دوستلار بىلەن ئوغلاق ئوينىغان.
قار ياغقاندا توشقان قوغلاپ بىز،
ئېتىز، دالا، سايلار قالمىغان.

تاغلىرىڭدا ياشلىقىم ئىزى،
بۆركۈت قونغان قىياغا يەتكەن.
گۇۋاھ ئاڭا ئەۋلىيا چوققا،[1]
يۈرەكلەرنى مەھلىيا ئەتكەن.

تاغدىن ئاشقان داۋان ـ يولۇڭدا،
گۈپۈلدەيدۇ ئەجداد تىنىقى.
غار ـ ئۆڭكۈردە ئۆچمەپتۇ تېخى،
ئۇلار ياققان ھايات چىرىغى.

ئورمانلىرىڭ بۆككىدە قارىغاي،
ئۇلار،
ئارقار،
بۆكەن ماكانى.
مەدەنلىرىڭ ھېسابسىز تولا،
تاغلىرىڭدۇر گۆھەرنىڭ كانى.

---

① چاپچال ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدىكى ئارقا تېغىنىڭ چوققىسى.

ئۈپۈقمىڭدا رەڭدار شەپەقلەر،
يالىلدايدۇ ئوتقاشتەك يېنىپ!
ئارمىنىم يوق سېنىڭ مېھرىڭگە،
ئالسام ئىدىم ئەبەدىي قېنىپ!!!

2002 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



# قاداق باسقان قوللىرىڭ ئالتۇن

سىلىقلىرىڭ ئازايسۇن دېھقان،
غەملىرىڭ ھەم كەمەيسۇن دېھقان.
قاداق باسقان قوللىرىڭ ئالتۇن،
بولسۇن دارامەت ئۆيىڭگە مېھمان!

يېگەن نېنىمدا سېنىڭ قەرزىڭ بار،
كىيگەن كىيىمىمدە سېنىڭ ئەجرىڭ بار.
ئىچكەن سۇيۇمدە سېنىڭ قەدرىڭ بار،
پېشانەڭنى سۆيسۇن قۇت - ئېھسان!

سېخىيلىقتا ھاتەم رىۋايەت،
كەچمىشلىرىڭ پۈتمەس ھېكايەت؛
سەن قىلمايسەن ئەرز - شىكايەت،
بولسىمۇ يول، بولسىمۇ ئىمكان.

چىبەرقۇتتەك تۇرۇلگەن قوشۇماڭ،
ساڭا دائىم يۆلىكىڭ قوشناڭ.
تومۇزلاردا سايىدۇر سوقماڭ،
بولغاي مەدەتكار رىزقىڭغا ئىمان.

قايسى نائەھلىي گېلىڭنى بوغقان،
قانۇندىن قورقماي رىزقىڭنى يۇتقان!؟
نەپسى تويمىغۇر ئۇ قانداق ئوپقان؟
قانۇنلا ساڭا مۇقەددەس قالغان.

يەتكەي دەردىڭگە ئۇچ[1] تىكى كادىر،
كەتمەن چېپىشتا سەن ئۆزۈڭ نادىر.
«تىكىپ ـ سۆكۈشلەر» بولمىغاي سادىر،
بولغىن ئۆزۈڭگە ھەقىقىي سۇلتان.

قاداق باسقان قوللىرىڭ ئالتۇن،
دەسسەپ ئۆتكەن يوللىرىڭ ئالتۇن.
ئەجىر ـ مېھنەتتە تەرلىرىڭ ئالتۇن،
بولسۇن مەڭگۈگە ئامەت ساھىبخان!!!

2002 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال

---

① «ئۇچكە بىرگە بولۇش»قا چۈشكەن كادىرلارنى كۆرسىتىدۇ.

# مەرپەتتە كۆلدۈرگەن چولپان

ئوقۇ، سىڭلىم، بولساڭمۇ نامرات،
رىقابەتلىك دۇنيا بۇ دېگەن.
غېرىب تەقدىر قاچسۇن سېنىڭدىن،
قىز بالىغا گۇناھ بۇ دېگەن.

ئاتاڭ بەردى سېنى ئوقۇشقا،
سەن بىلەمسەن ئۇنىڭ دەردىنى!؟
ئاناڭ مەزلۇم يىغىدۇ تۇخۇم...
سېنىڭ ئۈچۈن سۇ بوب يۈرىكى!

دېھقان ئاتاڭ دائىم پەرۋانە،
سېنىڭ ئوتۇڭدا ئارمانلار يۈكلەپ.
خەتلىرىڭدە سۆيگەن ئاناڭنى،
پىراقىڭدا قاپتۇ ئۇ شۈكلەپ.

تاڭنا ئانا ئۆزۈڭمۇ سىڭلىم،
پەرزەنت ئىشقى دىلىڭدا گۈلخان!
ۋىسال سۆيسۇن،

ئەۋلاد ـ ئومىقىڭ،
مەرىپەتتە كۆلدۈرسەڭ چولپان !!!

2002 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال



# ئىككى غەزەل

(1)

سېنىڭ مېھرىڭدە تەشداشسىز قۇياشتەك ھارارەت باردۇر،
سېنى سۆيمەك مېنىڭ بەختىم، ماڭا پۈتمەس سائادەت باردۇر.

مۇبارەك نامىڭنى دىلدا زىكىر ـ ئىلتىجا قىلسام،
ۋۇجۇدۇمدا دەۋرىگەن جۇرئەت، جاسارەت باردۇر.

سېنىڭ باغرىڭ ئىللىق باھار مىڭ جەننەت ھۆزۈرى ئۇندا،
شۇڭا دەيمەن: سەن بار ماڭا مەڭگۈ پاراغەت باردۇر.

ئەمگىنىم ئوغۇز سۈتۈڭ كۆۋەجەپ ئاقتى قېنىم،
شۇڭا مەغرۇر مېنىڭ قەددىمدە چىناردەك قىياپەت باردۇر.

جىسمىمغا سىڭگىنى دائىم سەن ئاتا قىلغان مۇھەببەت ـ سۆيگۈ،
شۇ ساداقەت سۆيگۈ بىلەن ماڭا ئالقىش ئىناۋەت باردۇر.

سەن ــ مەن ئۈچۈن ئەبەدىي پاكلىق، ساداقەت ئۈلگىسى،
ئەل ئىشقىغا شۇ سەۋەب دىلىمدا ئىنساب ـ دىيانەت باردۇر.

ساڭا رىتىمداش يۈرىكىم تىنىقلىرىم ھەمدەم ساڭا،
سەندىن ئايرىلسام بىر مىنۇت ماڭا كۆپ رىيازەت باردۇر.

سەن ئۇرغان قۇتلۇق چاۋاك بىر مۇقەددەس بۇيرۇق ماڭا،
يېڭىپ مۇشكۇلنى ئۆرلەشكە مەندە شىجائەت باردۇر.

سەندىن ئۆگەندىم ھەرقاچان سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈشنىمۇ،
ئىشەنچىم كامىل شۇڭا ماڭا تاپقۇسى كامالەت باردۇر.

پەرۋازىمغا پۈتتى قانات سېنىڭ ئەجرىڭدە شۇڭقاردەك،
زەپەر قۇچماقتا بەرھەقكى ماڭا ھەم كاپالەت باردۇر.

**(2)**

ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن بول پىداكار بىر ئۇلۇش كۈچ قاتساڭ ھېساب،
ئەل ئەزىم دەرياسىدا شۇڭغۇپ غۇلاچ ئاتساڭ ھېساب.

بىخ سۇرۇپ ياشنايدۇ مايسا كۈن كۆرۈپ، ئاپتاپ سۆيۈپ،
كۈن بولۇپ روجەكلەرگە نۇر ـ زىيا چاچساڭ ھېساب.

بار مىزان ئەسلىي: ئەل ئۈچۈن يىغلاپ، ئەل ئۈچۈن كۈلمەك،
كۆمىچىڭگە چوغ تارتقان شۇم قولۇڭنى چاپساڭ ھېساب.

بۇ ھايات شۇنداق گۈزەل ئۇنى چىن سۆيگەنلەرگە،
تەر تۆكۈپ ھالال ياشاپ چىن مەنە تاپساڭ ھېساب.

2003 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل، چاپچال

# يۈرىكىڭ ئاتەش جۇڭغارنى سۆيگەن

(نېفىت ئىشچىلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

تومۇزلاردا قارايدى چېھرىڭ،
سېلىم بوۋاي[1] روھى بار سەندە.
نېفىتلىكتە يانىدۇ مېھرىڭ،
ھۆرمەت ساڭا دائىم بەخشەندە.

كۆلۈپ تۇرساڭ جۇڭغار قوينىدا،
يۈلغۇن ھەمراھ قەدەملىرىڭدە.
ھەر قەدەمدە تۇمەنلەر ۋەزنى،
سۆيگۈ يالقۇن بەردەملىكىڭدە.

چېكىدۇ ھەسرەت ئاياز ـ زىمىستان،
يۈرىكىڭ ئاتەش جۇڭغارنى سۆيگەن.
زېمىن ئانا قايىلدۇر ساڭا،
ئەل ئىشقىدا كۆيگىنىڭ كۆيگەن.

---

① قاراماي نېفىتلىكىنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان مەرھۇم سېلىم بوۋاينى كۆرسىتىدۇ.

ئەل ئىشقىدا كۆيگىنىڭ كۆيگەن،
زېمىن تەكتىگە يۇرىكىڭ تۇتاش!
ھالال مېھنەتتە ئەجرىڭ كۇلۇپتۇ،
نۇرلۇق چېھرىڭدە پارلايدۇ قۇياش!

1994 ـ يىلى ئاۋغۇست، مايتاغ



# ئۈمىدلىرىمنى يۈكلىدىم ساڭا

(ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىچىلغان شىنجاڭ سىنىپىغا

تۈنجى قارار ئوقۇشقا ماڭغان ئوغلۇمغا)

ئۈچۈپ كەتتىڭ يىراققا ئوغلۇم،
ئۈچۈرما بولغان قۇشتەك گوياكى.
ئاقيول تىلەپ ئۈزىتىپ قالدۇق،
سېنىڭ قاراڭ يىتكۈچە تاكى.

ئاناڭ يىغلاپ ئەزدى يۈرەكنى،
ئايرىلىشقا چىدالماي بۇ دەم.
چىدالمىدى قېرىنداشلىرىڭ،
مەنمۇ ئاخىرى بولماي قالدىم ھەم.

قاناتلىرىڭ سېنىڭ يېتىلىپ،
ئۈچۈرما بولدۇڭ ئالتۇن ئۇۋاڭدىن.
سەپەرلىرىڭ ئاستانە تامان،
ئۈزۈپ كەتتىڭ بۈگۈن مەندىن،
بوۋاڭ ھەتتا بۇزرۇك بوۋاڭدىن.

مەن تىلەيمەن ساڭا ئاق تىلەك.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن دائىم.
شەمشاد كەبى كۆكلىسەڭ مەزمۇت،
ھەم سېنىڭدىن قىلمايمەن ۋايىم.

ئۈمىدلىرىمنى يۈكلىدىم ساڭا،
ئارمانلىرىم ھەمدەم يولۇڭدا!
مەرىپەت بېغىدا ياشنا كۈلۈپ،
ۋىسال تىزگىنى ھەر دەم قولۇڭدا!

2000 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست، چاپچال ـ ئۈرۈمچى



# شائىر يۈرىكى

چاقماقلىرىغا سۆز بەرسەم دەيدۇ،
مۆزلىغانغا ئوت بەرسەم دەيدۇ،
مىسكىنلەرگە قۇت بەرسەم دەيدۇ؛
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك!

يىغلىغاننى بەزلىسەم دەيدۇ،
مۆكۈلىغاننى كۆلدۈرسەم دەيدۇ،
چۆلدە گۈللەر ئۈندۈرسەم دەيدۇ؛
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك.

يوقالسىكەن دەيدۇ تەڭسىزلىك،
غەم - غۇسسىلەر تامام ئەنسىزلىك،
خۇراپاتلىق، نادان ئاڭسىزلىق؛
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك.

يوقالسىكەن دەيدۇ پارىخورلۇق،
تاماخورلۇق ھەم ھەسەتخورلۇق،
ئاۋام تاپسۇن ئىللىق غەمخورلۇق؛
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك!

كۆز تەگمىسۇن قارا كۆزلەرگە،
لەنەت ياغسۇن قارا يۈزلەرگە؛
ئارمان تولسۇن يۈرەك سۆزلەرگە،
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك.

چېھرىلەردە ئوينىسا كۈلكە،
ئارىمىزدا قالمىسا «تۈلكە».
ئاۋات بولسا تۇغۇلغان ئۆلكە،
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك.

ئۆرلىگەنگە يول بەرسەم دەيدۇ،
مۇدۇرىگەنگە قول بەرسەم دەيدۇ؛
ئوزىغانلارغا گۈل بەرسەم دەيدۇ،
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك!

باھار بولسا ھەممە ئۆيلەردە،
شادلىق تولسا نەغمە ـ كۈيلەرگە؛
سۆيگۈ تولسا سۆھبەت ـ سۆزلەرگە،
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك!!

توختىمىسا قولدىكى قەلەم،
رازى بولسا چوڭ ـ كىچىك ئادەم؛
دەررۇ ئالەمدىن يىتسۇن دەرد ـ ئەلەم،
شائىرنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق يۈرەك!!!

2003 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال

## قۇۋناق ئۆيىنىڭ بەرىكىتى ئۆزۈڭ

ئانىجانىم كەلدىمۇ ئويقۇڭ،
ئارام ئالغىن سوزۇلۇپ بىردەم.
يۇمۇپ ئالغىن ھارغىن كۆزۈڭنى،
كىرپىكىڭگە قونمىسۇن شەبنەم.

قولىقىمدا مېنىڭ ھېلىمۇ،
ئۆزۈڭ ئېيتقان ئەللەيىنىڭ ئۈنى!
بېشىم قويسام ئىللىق باغرىڭغا،
ياڭراپ تۇرار مېھرىڭنىڭ كۈيى.

شۇ كۈيلەرنى تىڭشاپ چوڭ بولدۇم،
نادانلىقنى تاشلاپ ئوڭ بولدۇم.
سېنىڭ مېھرىڭ چەكسىز ئالەمدە،
دەڭسەپ ۋەزنىنى بۈگۈن مۇڭ بولدۇم.

شۇ ئەللەيىنى يەنە ئۆزۈڭدىن،
تىڭشىماقتا ئوماق نەۋرەڭمۇ!
نېسىپ بولدى تىڭشىۋالدى ھەم،
بەختلىككەن ئەنە چەۋرەڭمۇ!!!

پەرىشتىدەك ئولتۇرۇپ بەرسەڭ،
كۆڭۈللەرنى تولدۇرۇپ بەرسەڭ؛
قۇۋناق ئۆينىڭ بەرىكىتى ئۆزۈڭ،
قۇياش بولۇپ كۈلۈپلا بەرسەڭ!

نەۋرىلەرنى ئوقۇسۇن دەيسەن،
بېرىپ ئىلھام ئۇلارغا دائىم.
بىز تىلەيمىز يۈرەكتىن ئانا،
بولغىن ئامان ئۆزۈڭ ئىلاھىم!

2003 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# تەبىئەتنىڭ ئەركىسى باھار

ئۆي ـ ئۆيلەرگە كىرىپ كېلىسەن،
يېڭىلىقتىن بېرىپ خۇش خەۋەر.
توزغاقلارنىڭ مۇڭلۇق ئۇنىسەن،
دالالاردا ھەر كۈن تاڭ سەھەر.

ئاھۇ كۆزلۈك سىرلىق بۇلاقنىڭ،
بۇلدۇقلىغان زۇمرەت سۈيىسەن.
يېشىللىقلار مەپتۇن ئەيلىگەن،
يۈرەكلەرنىڭ جۇشقۇن كۈيىسەن.

كۆپكۆك چىمەن يېشىل ھاياتلىق،
سىزىلماقتا قوللىرىڭ بىلەن.
ھەسەن ـ ھۈسەن زەپمۇ جىلۋىدار،
سېنىڭ ئاپتاپ ـ نۇرلىرىڭ بىلەن.

باغرىڭ ئىللىق،
مېھرىڭمۇ ئىللىق،
جاندارلارنىڭ بەزمە ـ تويىسەن.

غېرىب ـ غۇرۋا يايرايدۇ سەندىن،
مېھرى ـ شەپقەتنىڭ ماكان ـ ئۆيىسەن.

تەبىئەتنىڭ ئېسىل سوۋغىسى،
سەن زېمىنغا ھەددىيە قىلغان.
سەن ئالەمنىڭ ئەركىسى باھار،
يۈرەكلەرنى مەھلىيا قىلغان!

2003 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال



# ئىككى غەزەل

## (1)

قويىندا شوخ ياير ايدىغانغا ئانا ئەل، ۋەتەن ئەلا،
ئەل ئۈچۈن كۆيگەنگە دائىم ئاپىرىن دېگەن ئەلا.

باغلىرىدا گۈل ـ چېچەك ئالەمنى مەپتۇن ئەيلىگەن،
سەيلە قىلسام يار بىلەن ھەم ئۈندىكى چىمەن ئەلا.

قۇت ـ بەخت ئېھسان تىلەيمەن ئۈل نىگارغا بىر ئۆمۈر،
رىزقىنى ھالال ئۈنىڭ ھەم تەر تۆكۈپ يېگەن ئەلا.

ئوتىدا كۆيۈپ ئۈنىڭ سۆيىدە مىڭ ئاقماق كېرەك،
شادلىقىغا ھەمنەپەس، جور بولۇپ كۈلگەن ئەلا.

ئەل ـ ۋەتىنىم يۆلەك ماڭا غەمگۈزاردۇر تا ئەبەد،
ئىشقىدا بىر پەرۋانىمەن دىلبىرىم لەۋەن ئەلا.

ئۇ ماڭا بەردى غۇرۇر ھەم ئىپتىخار، ۋىجدانىنى تەك،
شۇڭا ئۇ دىلبەرنى دىلدىن بىر ئۆمۈر سۆيگەن ئەلا.

**(2)**

ۋەتىنىم، چىمدىمچە توپاڭ بىباھا قىممەت ماڭا،
ھەر گىياھىڭ، ھەر تېشىڭ ھەم زەپ ئېسىل زىننەت ماڭا.

سەن ماڭا باغرىڭ يېقىپ مىڭ پەپىلەپ باقتىڭ مېنى،
سۇلىرىڭ ئابىھايات تەنگە شىپا نېمەت ماڭا.

سۆيمەن بىرلا سېنى، جېنىم پىدا مىڭ سەن ئۈچۈن،
سەن تۇرۇپ ئۆزگىنى سۆيسەم يۈيغۇسىز ئىللەت ماڭا.

ئاسمىنىڭ ھەم سۇتتەك سۈزۈك يوق ئالەمدە تەڭدىشى،
شۇكرىكىم، بەرگەن ئۆزۈڭ بۇ نېسىۋە ھىممەت ماڭا.

بار شىجائەت بۇ ۋۇجۇدتا ئەل ئۈچۈن ئاتەش ـ لاۋا،
ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ ئىشق ئوتى بىر ئۆمۈر رىغبەت ماڭا.

ئەقىدەم باردۇر يۇرەكتە يۇرت سۆيۈپ ئۆتمەك دېگەن،
بۇ لەۋزىدىن يانسام ئۆلۈم، يوقتۇر ھېچ ھۆرمەت ماڭا.

2004 ـ يىلى 17ـ فېۋرال، چاپچال

## تۇنجى قار، تۇنجى مۇھەببەت

تۇنجى قار،
تۇنجى مۇھەببەت،
ئەجەب جۇشقۇن ئوتلۇق لىرىكا.
ئۆكسۈمەيدۇ ھايات كۈيلىرى،
يۈرەك سۆيگەن گۈزەل مۇزىكا.

قارلىق تاشلاپ قاچقان چېغىمدا،
سەن ئۇزاتقان ئىللىق بىر باھار.
ۋۇجۇدۇڭدا ئوت ئالدى ھېسسىيات،
ئىككى مەڭزىڭ قىپقىزىل ئانار.

تۇنجى قار،
تۇنجى مۇھەببەت،
ئۇزاق ئۆتمۈش شېرىن ئەسلىمە.
خىيالىمدا ئۇنتۇلماس چۈشتەك،
تۇنجى سۆيگۈ،
ئۆلمەس ئەقىدە.

مەن ئويقۇدىن بولىمەن بىدار،
قولىقىمدا ياڭراق مۇزىكا.
تونجى قار،
تونجى مۇھەببەت،
ئەجەب جۇشقۇن
ئوتلۇق لىرىكا!

2002 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال



# غەزەللەر

## (1)

سەن مېنىڭ بېشىم سىلاپ ئانام كەبى مېھرىبان بولدۇڭ،
دىلىمدا ئۆچمەس چىراغ سەن ئەزىز، قەدىردان بولدۇڭ.

چاڭقىغان دىلغا سېنىڭ بەرگىنىڭ ئابىھايات،
گەر بېشىمغا چۈشسە كۈن سەن كېلىپ سايىۋەن بولدۇڭ.

مەرىپەت بېغىدا مەن گۈل بولۇپ ئاچسام چېچەك،
سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلىپ، سەن ماڭا باغۋەن بولدۇڭ.

ئۆرلىسەم پەرۋاز ئۇرۇپ شۇڭقار كەبى كۆكلەرگە ھەم،
گۈل تۇتۇپ ئالدىمغا چىقتىڭ غەمخورۇم، پاسىبان بولدۇڭ.

بەيگىلەردە ئوزىسام يەنە رىغبىتىڭ ــ مەدىتىڭ بىرلە،
سەن ئۇچۇن توي بولدى بىلسەم قەددىڭ تاغ، ئاسمان بولدۇڭ.

كەشپىيات ئىخترا قىلسام ئىزدىنىپ ئىجتىھات بىرلە،
باغرىڭغا بېسىپ دېدىڭ: سەن ئەزىمەت قەھرىمان بولدۇڭ.

سېنىڭ شەنىڭ، سېنىڭ ئەجرىڭ بىپايان كەڭرى ئوكياندۇر،
ماڭا مەڭگۇ يېزىپ پۈتمەس ناخشا ـ كۈي، داستان بولدۇڭ.

(2)

سېنىڭ ئوتلۇق بىر جىلۋەڭ ماڭا مىڭ باھار بولدى،
سېنىڭ ئالدىڭدا ئاي، يۇلتۇز چىرايدا خوپ چانار بولدى.

ئەزىزلەپ قەدىردان بىلدىڭ، ماڭا شاھانە بەخت بىلسەم،
ئىپتىخار ـ غۇرۇر بىرلە قەددىم زور چىنار بولدى.

لەرزىگە كەلدى يۈرەك شۇ دەم خەندانە سۆھبەتتىن،
سۆيگۈگە تەشنا ۋۇجۇد كەۋسەرگە قانار بولدى.

سەن سۇنۇپ زۇننار ماڭا چىن ساداقەت سۆيگۈدىن،
كۆر مانا چىنارچە قەددىم يۈرىمەن سۇلتان بولۇپ.

كەپە ـ كۆلبەم يورۇغاي يۈز ئىچىپ روجەك تامام.
ھەر دەقىقە سەن تۆكۈلسەڭ نۇر بولۇپ، ئېھسان بولۇپ.

ئاتىدىم ئىشقىم سەۋەب: ۋەسلى بارىمنى ساڭا،
ھەم ئۆتكەي ئۆمرۈم بويى ئۇپرىماس ئۇلتاڭ بولۇپ.

تەبەسسۇم ـ جىلۋەڭ سېنىڭ ئاي دېسەم كۈندىن ئېسىل،
كەلگىنە دائىم نىگار بىر ئەزىز مېھمان بولۇپ!

2002 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست، چاپچال



# ئالتۇنتاغ ئۈنچىلىرى

(سېكىل)

## ئالتۇن ۋادا

ئالتۇن كۆز باغاشلاپتۇ كەڭ قوينۇڭنى،
ئالتۇنتاغ مەن ئۇزاقتىن كېلىپ كۆرسەم.
يۈز ئاچتى گۈزەللىكىنىڭ كارتىنىسى،
باغرىڭدا مەن شادلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرسەم.

يېپىلىپ ياتار بۇندا چەكسىز ئورمان،
ئالتۇندەك تاۋلىنىدۇ مۇنبەت دالا.
ئېرتىشنىڭ كۆيلىرىگە جور بوپتۇ،
توقايدا تۈمەن قۇشلار قىلىپ ناۋا.

كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلۇق يېشىل ۋادا،
كەڭ ئاچقان قۇچىقىنى ئېھسانلارغا.
جان بېرىدۇ زۇمرەت سۈبھى ئىچسەڭ بىر رەت،
ئۇندەيدۇ ھامان يۈكسەك ئارمانلارغا.

ئالتۇندەك تاۋلىنىپتۇ ئالتۇن ۋادا،
ساپ ۋۇجۇدلارغا بەردى دەرمان.
بىر كۆرۈپ كۇلدى مېنىڭ كۆڭلۈم ياياراپ،
يۈرەكتە ئۆركەش ياسار ھېس ـ ھاياجان.

تەنتەنە قىلار سەندە ئاسايىشلىق،
سەلتەنەت تاجى كىيگەن گۈزەل ئالتاي!
ئەڭ شېرىن ئەسلىمىلەر مەڭگۈلۈكتۇر،
شادلىنىپ باقار كۆكتە قۇياش ھەم ئاي!

## گۆھەر كۆل

بۈرۈلتوقاي سېنىڭ ھۆسنىڭ ئاجايىپ ئۇز،
جۇڭغارنىڭ گۆھىرىنى كۆردۈم سەندە.
كۆك ئاسمان يەرگە كۆچكەن بۇندا گويا،
ئېھ، تىلسىم دېدىم چۈنكى مەنمۇ بەندە!

دولقۇنلار مىنگىشىپتۇ چېچىپ بۇژغۇن،
چايكىلار تەنتەنىلىك سالار قىيقاس.
توي قىپتۇ تۇمەن بېلىق سەندە ياياراپ،
قوينۇڭدا خۇشال ئۈزۈپ قىلدىم قىياس.

ئۇلۇغگۈر بويلىرىڭدا غۇر ـ غۇر شامال،
چايقىلار زۇمرەت سۈيۈڭ تەكشىلىكتە.

دىللارنى مەپتۇن قىلار سېنىڭ كۆركىڭ،
دۇنياغا بولۇپ كۆرەك تەبىئىيلىكتە!

## تاغ شەھىرى

ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا گۈزەل ئالتاي،
ياپيېشىل ئورمانلارغا پۈركۈنۈپتۇ.
ھەيۋەتلىك تۆگە چوققا بۇندا يەنە،
بوي سوزۇپ مەغرۇر ئەنە، كۆك سۆيۈپتۇ.

ئاجايىپ جەزىبدار، ئۆز سىياقىڭ،
شاش قىران ئاقار سېنى ئىككى بۆلۈپ.
ئىككى قاش رىشتىنى چاتقان كۆۋرۈك،
كۈلدى ئەل مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.

ئالتۇنتاغ مەيدانىدا كۈلگەن قۇياش،
زەپ ئېسىل باغچىلىرىڭ گىرەلەشكەن.
توختىماي شاۋقۇن سالار ئەزىم قىران،
رۇخسار كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللەشكەن.

ئالتۇنتاغ، زۇمرەت سۇلار ساڭا ئالتاي،
ئىلھامبەخش كۆركەملىكنى ئاتا قىپتۇ.
ياشنىتىپ سېنى باتۇر ئوغۇل ـ قىزىڭ،
ئۈمىدىڭنى چىن دىلىدىن ئادا قىپتۇ.

## قاناس

دوستلۇق چوققا ئېتىكىدە بىر رىۋايەت،
سېھىرلىك گۈزەل قاناس سېنىڭ ئىسمىڭ.
مۆجەسسەم ساڭا ئۆزلۈك كائىناتتا،
لاتاپەت ئىلكىدىدۇر سېنىڭ جىسمىڭ.

دولقۇنۇڭ ئەجەب سىرلىق پىچىرلايدۇ،
يېشىل نۇر لەۋلىرىڭدە بالقىپ تۇرغان.
شاۋقۇنۇڭ ئاڭلىنىدۇ ئۇزاقلارغا،
بەك قەدىم ئۇنتۇلماس كۈي ياڭراپ تۇرغان.

ئاق قېيىن ناخشا ئېيتار توختىماستىن،
يېشىل نۇر قىرغىقىڭنى باغاشلاپتۇ.
پەرىزات سەن تىمسالى جىلۋە نازلىق،
مەشۇقۇڭ گۈللەر تۇتۇپ قۇچاقلاپتۇ.

تەكتىڭدە داۋالغۇيدۇ سىرلىق دۇنيا،
ئېتىكىڭ تولغان رەڭدار گۈل ـ چېچەككە.
ساماۋى بىر تىلسىمات قوينۇڭدىكى،
گۈل ھۆسنۇڭ تولغان چەكسىز لاتاپەتكە.

ئاي راۋاق ئۈستىدە بار يېشىل «ئىلاھ»،
قۇياش ھەم يېشىل نۇرلار چاچار چاقناپ.

كېلىسەن پۇتمەس سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە
زېمىننىڭ ئاشىقىنى ئۆزۈڭ باشلاپ.

قانمىغاچ سەندە قاناس تۇنەپ قالدىم،
مۇڭدىشىپ يۇلتۇز بىلەن يېقىپ گۇلخان.
كۆز ئاچسام پەرىزاتلار كەتتى ئۇچۇپ،
گۇلگۇن شەپەق چوققىلاردا جىلۋە قىلغان.

ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ساپ تۇپرىقى،
چېھرىڭدە تازا ساپلىق نۇرار پارلاپ.
ئىنسانلار سېنى سۆيسۇن مۇھەببەتتە،
تا ئەبەد ياشناپ تۇرغۇن يېشىل چاقناپ!

## ئۇزۇلمەس رىشتە

خەير خوش، ئالتاي!
بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي،
خەير خوش، ئېرتىش!
قىران ئەزىم دەريا.
مۇقەددەس سىرلىق قاناس، ئۇلۇغۇر ھەم،
ئۇمىدلىك، بەرىكەتلىك ئالتۇن ۋادا.

رىشتىمىز ئۇزۇلمىگەن ئەزەلدىنلا،
خۇش چاقچاق، مېھماندۇستلۇق بىزگە مىراس.

چىن دوستلۇق، قېرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر،
ئۆزۈلمەس تا مەڭگۈگە گۇۋاھ قاناس.

2004 - يىلى ئاۋغۇست، قاناس - چاپچال



## ئاتا قەدرى

قەددىمنى ئۆزۈڭ بەردىڭ ئاتىجانىم،
«ئات» بولۇپ ھەم ئۈستۈڭگە مىندۈرگەنسەن.
قېيىدىسام بەزىدە مەن دودىلىنىپ،
بەزلەپ «غىدىق ـ غىدىق» كۈلدۈرگەنسەن.

شەمشادتەك قامەت نەدە بۈگۈن ماڭا،
قاپلاندەك ئوغلان قىلدىڭ قاپلان يۈرەك؟!
ھاياتلىق دولقۇنىدا چۆكمەس قېيىق،
بولدۇم ھەم سىنىڭ روھىڭ بولدى يۆلەك!

سىنىڭدىن ئالدىم ئۈلگە ھالاللىققا،
مىزانىم بولدى ھەر دەم پاك ـ دىيانەت.
ھەسەتتىن يىراق جىسمىم، روھىم پاكىز،
تىلەيمەن دوستلىرىمغا بەخت ـ ئامەت.

مەن ئۈچۈن بولدى شوتا دەۋەتلىرىڭ،
ئارزۇلار چوققىسىغا ئۆرلەپ ماڭسام.
مەدەتكار كۆزلىرىڭدە باقتىڭ ئوتلۇق،
داۋانلار كۆرۈنگەندە توختاپ قالسام!

ناخشىلار ئېيتسام، ئاتا، ياقتى سىزگە،
مەن ئۇچۇن بېشىڭ يەتتى كۆككە شۇ تاپ!
ئېھ، ئەپسۇس ئويلاپ كۆرسەم سىز تىرىكتە،
ئېيتماپتىمەن بىرەر ناخشا سىزگە ئاتاپ!!!

ئېھ، ئەمدى ناخشا ئېيتسام سىز يوق بىراق،
(شۇم ئەجەل بەكمۇ بالدۇر ئۆلمەس شۇتاق؛
ئادەملەر ئارمان بىلەن ئۆتەر شۇنداق؛)
ئارمانسىز ياشمايدۇ ئىنسان بىراق.
ئاتا بوپ ئاتا قەدرى ئۆتۈلگەندە،
كېچىكىپ سىزگە ئاتاپ يازدىم قوشاق.

غۇرۇرلۇق بولغىن دېدىڭ غۇرۇر بېرىپ،
تەۋرىمەس گىگانت ئانا خانتەڭرىدەك.
قۇت بەرگەن،
ئېھسان بەرگەن ئانا ئەلنى،
سۆيگىن دەپ سەھەردىكى نۇرلۇق تاڭدەك.

چوڭ بولدۇم سىنىڭ ئوتلۇق مېھرىڭ بىلەن،
دىلىمدىن سېغىنىمەن سىزنى ئاتا.
نەۋرىلىك بولسامىۇ گەر يىللار ئۆتۈپ،
ئالدىڭدا مەن يەنىلا گۆدەك بالا.

ساداقەت پەللىسىدە ئۆزۈڭ ئۆرنەك،
كىم، قايدا ساڭا بولغاي قانداق تەڭداش!؟

جىمىكى پاك سۆپەتلەر تەل سېنىڭدە،
ئېھ ئاتا، سىز گوياكى سېخىي قۇياش!!!

2001 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال



## ئەڭ قەدىرلىك دەقىقە

بۇگۇن رەڭدار بىر ئالەم،
ھېكمەتلىرى ئاجايىپ.
بۇگۇن بىلەن باشلىنار،
يۈكسەك ئارزۇ ھەم ئىستەك.
ئەجرىڭ بىلەن قەدىرلىك،
بۇگۇن دوستۇم ھەرقاچان.
بۇگۇن بىلەن نۇرلىنار،
غايە،
ئىقبال،
كېلەچەك!

تۇغۇلىدۇ بۇگۇندىن،
گۈل ھاياتقا يۈز ئاچقان؛
يۈرەكلەردە يالقۇنلۇق،
يۈكسەك سۆيگۈ ساداقەت.
بۇگۇن بىلەن تىكلىنەر،
چەكسىز ئۈمىد، ئىپتىخار.
بۇگۇن دېمەك بىلگەنگە؛

ئىلھام،
چىدام،
رىقابەت.

شەپەقتەكلا بەك گۈزەل،
تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن؛
بۈگۈن ئىللىق تەبەسسۇم،
مۇھەببەتلىك گۈل نىگار.
بۈگۈن پۇرسەت، غەنىيمەت،
ئىجادكارغا ھەرقاچان؛
سۈت ئۇيقۇدىن ئويغانساڭ،
سېخىي قۇياش نىجاتكار.

زەپەر قۇچار بوشاشماي،
مۇنبىرىدە ھاياتىنىڭ؛
بايراق قىلىپ بۈگۈننى،
ئالغا قاراپ ماڭغانلار.
ۋىسال تاپقان سۆيۈملۈك،
ساھىبجامال كۈلگەندەك؛
باغاش ئېتىپ بۈگۈننى،
يۈرىكىگە تاڭغانلار.

تاپالىساڭ ئۆزۈڭنى،
بۈگۈننىڭلا ئىچىدىن؛

ئامەت مېنىڭ دەۋەرگىن،
كۆلەر بەختىڭ چېچەكلەپ!
بۇگۈن خىرىس ھەم دەۋەت،
داۋانلاردىن ئاشقاندا؛
ئارمان قىزى قول بېرەر.
سېنى ئالغا يېتەكلەپ!!!

بۇگۈن ئىنسان ئۆمرىدە،
ئەڭ قەدىرلىك دەقىقە.
شىجائەتلىك يۈرەكتە،
سۆيسەڭ بەخت سېنىڭكى!
بولار قاياش - باشپاناھ،
قاراڭغۇدا تۇتۇپ شام؛
بۇگۈن قىلساڭ ئىجتىھات،
مۇنبەر
سەھنە
سېنىڭكى!

بۇگۈن باقار ئاپتاپتەك،
جىلۋە بىلەن شادلىنىپ.
ئۆلمەس روھىڭ ئەبەدىي،
تەۋرەنمىسە ئىرادە!
ھايات دائىم سۆيۈملۈك،
قەدىرداندۇر جانانەدەك؛

بۈگۈن بىلەن چاقنايدۇ،
كۈرەش،
غەلىبە،
ئەقىدە!

2001 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال



# ئىنسان، ئۆزۈڭ تېپىۋالغىن يول

كۈلۈپ كەتتىڭ بىر كۈنى كۆرسەم،
بىر كۈنلىرى چېھرىڭدە مۇڭ ـ غەم.
بىلىپ بولماس ھايات سىرىنى،
شادلىق بىلەن قايغۇ سىرداش ھەم.

كېتىۋېرەر كۈنلەر تېپىرلاپ،
داۋانلاردىن ھالقىپ پىچىرلاپ.
ئىنسان ،ئۆزۈڭ تېپىۋالغىن يول،
غۇسسىلەرنى تاشلاپ مىدىرلاپ.

تەگسىز ھاڭلار قالار ئارقاڭدا،
چوققىلاردا ئەقىدەڭ چارلاپ.
مۇڭدىگەنلەر ئويغانسۇن سەگىپ،
ئىقباللىرى تاڭلاردا چاقناپ.

2000 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال

## ساۋاق

ئولتۇرىمەن خىيالغا چۆكۈپ،
ئەسلىمىلەر دېڭىزىنى كېچىپ.
كەلدى بۈگۈن سۈبھى ئالدىدا،
ئەتىلەرگە يېڭى بەت ئېچىپ.

كەچمىشلەرنى يېزىپ سەھىپىگە،
يېڭى بەتلەر ئېچىلار شۇنداق.
تۆھپىلەرمۇ كۆپىيەر بەلكى،
نۇقسانلاردىن ئىبرەت ئېپ تۇرساق.

1986 - يىلى 1 - ماي، غۇلجا



# چىرىغىڭ ئۆچمەس ئاتا

(ناخشا تېكىستى)

تاڭ سۆيۈپ يوللار ئېچىپ،
ياشىرىڭ ۋىجدان بىلەن.
ياۋنى قىلدىڭ سۇر ـ توقاي،
تۇغ تۇتۇپ ئىمان بىلەن.

ئەل سۆيۈپ ئۆتكەچكە سەن،
ئەل ئەزىز دەيدۇ سېنى.
دەيدۇ تەرىپلەپ ھەرقاچان،
شىر يۈرەك باتۇر سېنى.

شەمشادتەك قەددىڭ، ئاتا،
بىر ئۆمۈر تارتتىڭ جاپا.
رازى بول، غەم قىلمىغىن،
چىرىغىڭ ئۆچمەس ئاتا.

قايتۇرما:
ئىز بېسىپ كەلدۇق مانا،

چىرىغىڭ ئۆچمەس ئاتا.
مىزان بىزگە ۋىجدان، ئىمان،
رازى بول بىزدىن، ئاتا.

2003 - يىلى 26 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى



# ھايات كۆكلەر مۇھەببەت بىلەن

ياشار ئىنسان مۇھەببەت بىلەن،
قۇچۇپ ۋىسال ئىشەنچ، ساداقەت.
كۆلگەي دىللار دىلدىن سۇ ئىچىپ،
لەززەتلىنىپ سۇرۇپ پاراغەت.

ھايات كۆكلەر مۇھەببەت بىلەن،
بەھرە ئېلىپ ھەر تىرىك ئىنسان.
دۇنيا گۈزەل ئۆم ـ ئىناقلىقتا،
چاقناپ تۇرسا دىللاردا ئىمان.

ساداقەت ئىلكىدە ھايات قىممىتى،
زىننىتى پاك ئەخلاق، ئىلىم ـ مەرىپەت.
نۇرلۇق تاڭ باغاشلاپ سۆيسە ھەر قېتىم،
مۇھەببەت ياشنىتار دىلىڭنى ئەبەد.

ساراي ـ قەسىر ھامان قۇرۇق تام،
مۇھەببەت بىلەن كۆلمىسە ئىنسان!

تەبەسسۇم جىلۋە تۇرسا تۆكۈلۈپ،
مەڭگۈلۈك نېسىپتۇر ساڭا
قۇت ـ ئېھسان!!!

2003 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى



## قۇت بەرسۇن ھالال ئەجرىڭ

سۇبھىلەر ساڭا ھەمراھ،
چولپان، ئاي ساڭا شەيدا.
مەڭزىڭگە قۇياش سۆيسە،
يايرايسەن كۇلۇپ تاڭدا.

باغرى كەڭ ئېتىزلاردا،
مېھرىڭنى تۆكۇپ كەلدىڭ.
جان بېرىپ مايسىلارغا،
ئىشقىدا كۆيۇپ كەلدىڭ.

ئۆتمدۇ سېنىڭ ئۆمرۇڭ،
تەر تۆكۇپ ئانا يەرگە.
تاغ قىلدىڭ مەر مەر دانىنى،
چۆمۇلۇپ كۇمۇش تەرگە.

مول ھوسۇل ئېلىپ تاغدەك،
ئاشماقتا سېنىڭ قەدرىڭ.
پېشانەڭ سۆيۇپ ھەر چاغ،
قۇت بەرسۇن ھالال ئەجرىڭ.

نامايان بولدى مەمۇرچىلىق
قۇت ـ ئېھسان بىلەن ياشناپ.
ھايات سەھىپەڭ ئاچتى،
يېڭى مەزمۇن كۆلۈپ چاقناپ.

سېنى سۆيگەن يۈرەكلەردىن،
ئاپىرىن ساڭا دېھقان!
يار بولسۇن ساڭا مەڭگۈ،
قۇت ـ ئامەت، بەخت، ئېھسان!!!

2001 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



# ئانا تىلىم

ئانا تىلىم شېكەردەك تىلىم،
چاڭقاق دىلغا بەرگىنىڭ زەمزەم.
تىلىم چىققان شۇ كۈندىن بۇيان،
بولۇپ كەلدىڭ غەمخانا ھەمدەم.

ئانا تىلىم خەنجەردەك تىلىم،
رەقىبلەرنىڭ كۆكسىنى يارغان.
پەرزەنتىڭگە مېھرىبان ئۆزۈڭ،
ئىشقىڭنى دائىم يۈرەككە تاڭغان.

ئانا تىلىم ئۇقۇشلۇق تىلىم،
مەيلى پۇقرا ياكى شاھ بولسام.
مەيلى سۆزلەي ياكى يازاي مەن،
ئارمىنىم يوق سەندەك پاك بولسام.

ئانا تىلىم يۇقۇشلۇق تىلىم،
كەۋسەر بولۇپ ياقىسەن دىلغا.
مەيلى نېمىس، ئىنگلىز، شىۋىت...
ماسلىشىسەن جىمىكى تىلغا.

ئانا تىلىم ئۇدۇمى تىلىم،
ئەجدادلارنى ئەۋلادقا چاتقان.
ئەسىرلەرنى ئۇلاپ زىمىنىڭگە،
كېلىسەن بۇيۇك ئېغىر يۇك ئارتقان.

سېنى سۆيۈپ ياشايمەن ئەبەد،
سېنىڭ بىلەن ئىزىم كۆمۈلمەس!
ئانا تىلىم ھاياتىم ئۆزۈك،
سېنىڭ بىلەن ئۇيغۇرۇم ئۆلمەس!

2001 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# بويۇڭنى سۆيۈپتۇ قۇياش جىلۋىسى

جۇلالىق تەبەسسۇم پارلار ھۆسنۈڭدە،
مەڭزىڭدە يالتىرار ئاينىڭ شولىسى.
ياقۇت رەڭ ئۈنچىدىن تاقساڭ بېزەك،
بويۇڭنى سۆيۈپتۇ قۇياش جىلۋىسى.

ئېتىزلار سەھنىسى ھايات پەيزىنىڭ،
جۇشقۇنلۇق ياسايدۇ يۈرەكتە قىيان!
تۇختىماس يولىدىن ھايات كارۋىنى،
ھاياتنىڭ بەھرىدە ياشايدۇ ئىنسان!!!

ئايدىڭلار كىرپىكى بىغۇبار شۈنچە،
قوينى كەڭ دالالار ئېيتماقتا ناخشا.
بۇلبۇللار مەستانە بۈندا سۆيگۈگە،
باغلاردا پىچىرلار ياپراقلار ئاستا.

شۇ يازغا ياراشقان قوغۇنلۇق ئەنە،
سۆيۈنگەن قوغۇنچى، موميى بىلەن.
ساپ ئەجىر خىسلىتى قوغۇندا بۇ دەم،
بىر تىلىم يېسەڭ گەر لەززىتى بىللە!

ئورمانلار شاۋقۇنلۇق توختىماس بىردەم،
ھاياتقا ياڭرىتىپ ئوتلۇق قەسىدە.
تاغ سۈيى ئەركىلەپ چىمەن قىرغاقتا،
ئىشقىنى ئىزھار قىپ بوپتۇ رەسىدە.

كېپىنەكلەر شاد ـ خۇرام توپ ـ توپى بىلەن،
كەكلىكلەر بەزمە قىپ سالىدۇ قىيقاس!
ياز ھۆسنى جەننەتكە ئوخشامدۇ، دوستۇم،
كۆڭۈل ئېكرانىدا قىلىپ كۆر قىياس؟!!

سۈبھىلەر سەن ئۈچۈن پەرۋانە بۇ دەم،
تاڭلارچۇ،
جىلۋىلىك گۈزەل كېلىنچەك!
ئۈپۈقتا تاۋلانسا شەپەقلەر رەڭدار،
نۇرلىنىپ بالقىيدۇ
ئەتە ـ كېلەچەك!

2002 ـ يىل ئىيۇل، چاپچال

## قۇتلۇق قەدەم

ئۇ بىر تۇلپار
سىيرىپ تىزگىن،
چاپچىپ يۇلقۇنۇپ
جىم تۇرماس بىرپەس تېپىرلاپ.
مەنزىل يىراق، چېكى كۆرۈنمەس ...
تۇلپار ئۇچسا ئويناقلاپ،
قالار ئالدىراپ.
ھەتتا شامالمۇ ئۇلگۇرەلمەي،
قۇلاقلارغا ئىتتىك پىچىرلاپ.
پەللىدىن چىققان،
ئۇمىد ئوغلانى
ئىشەنچ، ساداقەت يۇكىنى ئارتىپ
شۇ چاغ سۇبھى ئىدى،
چەۋەنداز تولىمۇ ياپياش!
ياقتى ھاياتقا
سۆيۈنۈپ،
ئوتلۇق ھاياجان
شادلىق ئىلكىدە.
قاراقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان،

خۇشال، يېشىل مونچاق ياش!!!
ئېغىر سۈكۈنات،
مويسىپىت خىيال؛
چالىدۇ رويال ئۆگىلىرى قاتقان،
يىرىك بارماقلىرىدا،
ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان
تۇلپار تۇيىقى.
تۈنلەرنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ،
ئاتقان تاڭنىڭ
ئالتۇن سەھىپىلىك ۋاراقلىرىغا!
كەلدى ئەنە!
مۇشكۇللەرنىڭ گەجگىسىنى دەسسەپ،
ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ يەرگە.
كۆر ئەنە تۇلپار
شۇنچە سۇباتلىق غەيۇر!
كېلىدۇ تۇلپار
تىزگىن سىيرىپ پۇشقۇرۇپ،
تەر باسقان كۆكسىنى كېرىپ.
ئارتقىنى يېڭى ئەسىرنىڭ مۇقەددەس يۈكى،
مەردانە، مەغرۇر!
ياڭرىماقتا يېڭىش سىگنالى،
چاڭ كەلتۈرۈپ زېمىننى، كۆكنى،
راسا ئەۋجىگە.
غالىبلارنىڭ جەڭگىۋار يۈرۈشىدىن،
كائىنات كەلدى لەرزىگە!

تۇلپار تىزگىنىنى چىڭ تۇتقان،
ئۇ چوقۇم ھاياتتا ئۇتقان،
كۆلەر قاقاھلاپ،
قۇچاق ـ قۇچاق زەپەر گۈللىرىگە پۈركۈنۈپ،
باسقىنى قۇتلۇق قەدەم.
يېڭى ھاياتنىڭ
رەڭدار
جۇشقۇن باھار پەسلىگە!

2003 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال



# بەرگىلەر لېۋىدە يالتىرار كۆمۈش

چىمەنلەر ئىشقىدا كۆلۈپ باققان تاڭ،
بەرگىلەر لېۋىدە يالتىرار كۆمۈش.
يېشىللىق سېنىڭدە بولدى رەسىدە،
ۋادىلار باغرىدا سۆيۈش - سۆيۈلۈش.

ئورمانلار گۈرۈلدەپ تارتىدۇ نەرە،
ئېقىنلار كۆۋجەپ سالىدۇ قىيقاس.
تۈمەن قۇش سايراپ قۇرۇشتى بەزمە،
ئەۋجىسى مەۋجۇدات ھاياتقا قاياش.

ئۈپۈقلار تاۋلىنار شەپەقتەك گۈلگۈن،
سۈبھىلەر تۈن يېرىپ پارلىدى قۇياش.
ئېھ، باھار بېزىدىڭ زېمىن باغرىنى،
بىر نەپەس سىزىلغان سۈرەتكە ئوخشاش.

كېلىسەن بويۇڭدىن ئىپار تارتىپ،
بىھوشتۇر گىياھلار سېنى كۆرگەندە.
ئېدىرلار جىلمىيىپ ياساندى تۈزدەك،
چېھرىڭگە ئېگىلىپ قۇياش سۆيگەندە.

مايسىلار شادلىقتا چالىدۇ چاۋاك،
سەن كېلىپ قۇچاقلاپ سۆيگەندە ۋىسال.
خۇش پىچىم چېچەكلەر مەيىن تارىنىپ،
كەلمەكتە،
تاپقاچقا سېنىڭدىن ئىقبال.

قۇلاققا پىچىرلاپ خۇشخۇي شاماللار،
خۇش خەۋەر ئېيتىدۇ: «جانان كەلدى» دەپ.
بول چاپسان،
دەيدۇ ھەم مېنى ئالدىرىتىپ،
دىل سۆيگەن ئامرىقىڭ
«باھار كەلدى» دەپ.

ئەتراپقا قارايمەن،
ھەممە ياپيېشىل،
خاسىيىتىڭ زېمىنغا تۆكۈپتۇ ئېھسان.
مەرھابا،
مۇبارەك قۇتلۇق قەدىمىڭ،
سەن بىلەن ياشنايدۇ
كائىنات، ئىنسان!

2005 ـ يىلى مارت، چاپچال

# سېنىڭ نامىڭ تۇغۇلمەس ناخشام

مەن تۇغۇلدۇم سېنىڭ قوينۇڭدا،
سەن ئۆستۈردۈڭ مېنى پەپلەپ.
سېنىڭ باغرىڭ ئالتۇن بۆشۈكۈم،
سەندە يايرىدىم خۇشال ئەركىلەپ.

تاغلىرىڭنى سۆيىمەن ھامان،
ئۇپۇقلارنى سۆيگەندەك قۇياش.
ساپ ھاۋايىڭ نەپەس - تىنىقىم،
شامالىرىڭ ماڭا چىن سىرداش.

ۋۇجۇدۇمدا سەن بەرگەن نېمەت،
زۇمرەت سۈيۈڭ تېنىمگە دەرمان.
سېنىڭ بىلەن مەغرۇرمەن ئەبەد،
سەن تىرىكىم مېنىڭ ھەر زامان.

دالالىرىڭ ئاجايىپ مۇنبەت،
سەيلىگاھىم گۈزەل باغلىرىڭ،
كۆكنى سۆيگەن قارىغاي، شەمشاد،
مەدەنگە باي گۆھەر تاغلىرىڭ.

سېنىڭ نامىڭ تۈگىمەس ناخشام،
شۆھرىتىڭدۇر پەخرىم - غۇرۇرۇم.
ئايرىلسام سەندىن ئۈزۈلەر تىنىق،
ساڭا تۇتاشتۇر يىلتىز - تومۇرۇم.

ئانا مېنىڭمۇ ئانىسى ئۆزۈڭ،
مېنىڭ بەختىم كۈلىدۇ سەندە.
تەلمۈرمەيمەن ئۆزگىلەرگە ھەم،
سەلتەنىتىم ئانا ۋەتەندە.

مېنىڭ جىسمىم سەندىن پۈتۈلگەن،
تۇغۇلغاندا كۆز ئاچتىم سەندە.
بۇ بەختنى قايدىن تاپارمەن،
كۆز يۇمغاندا ياتىمەن سەندە؟!

2004 - يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال



# تاڭلار ساڭا قۇت تىلەيدۇ ھەرقاچان

سالام بېرىپ كېلىپ قالدىم مەن يەنە،
دېھقان دوستۇم سېنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ.
تاڭ سەھەردە خىزىر سۈپەت كۆرۈنسەڭ،
گۈل قولۇڭنى كۆزلىرىمگە سۈرتەي دەپ.

دېھقان دوستۇم، تىڭشاپ كۆردۇم تاڭ سەھەر،
مايسىلارنىڭ قۇلىقىدا ئۇنۇڭ بار.
ئېچىقلاردا ئىزىڭ قاپتۇ، ئايدىڭدا —
زۇمرەت سۇلار شارقىرىشىدا كۈيۈڭ بار.

قونۇپ قالدىم كۆزلۈكىڭدە بىر ئاخشام،
پاراڭلىرىڭ تۈگىمىدى تاڭغۇچە.
مەن ئويغانسام كېتىپ قاپسەن خامانغا،
ھاردۇق ئۈيقۇڭ راسا ئوبدان قانغۇچە.

تاغ شامىلى غۇر - غۇر ئەسسە كېچىلىرى،
مەر مەر داننى سورۇپ - سورۇپ چەشلەيسەن.
ئېتىۋېلىپ ناسۋىلىڭنى كالپۇكقا،
ئۇزاق ئۆتمۈش — ياشلىقىڭنى ئەسلەيسەن.

پىلانلايسەن شۇ دىگەر ھەم كۆزگىنىڭ،
ئىشلىرىنى دەڭسەپ ئۆزۈڭ ئىدىتلاپ.
زارلىمايسەن ئۆز كۈنۈڭدىن ھېچقاچان،
ئانا يەرگە ئەر ئۆمرۈڭنى بېغىشلاپ.

ئاسان ئەمەس، رۇسلىۋالدىڭ قەددىڭنى،
تالاي مۈشكۈل غەيرىتىڭگە تەن بەردى.
كەلدى راسا ياشنايدىغان چاغلىرىڭ،
يېڭى دەۋران ساڭا ئىمكان ئېپ كەلدى.

ئىش باشلايسەن چولپان كۈلگەن سۈبھىدە،
تاڭلار ساڭا قۇت تىلەيدۇ ھەرقاچان!
ئالتۇن قۇياش تەبەسسۇمى ئايلانسۇن،
ئامەت سۆيگەن
پېشانەڭدىن ھەر زامان!

2004 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



# بولغاي

سېنىڭ جىلۋە ـ نىگاھىڭ يۈرىكىمگە داۋا بولغاي،
تومۇزلاردا قىيا باقساڭ بېشىمغا خوپ سايە بولغاي.

سېنى دەپ يازسام غەزەل، قەسىدە، نەزمە پۈتۈپ،
جور بولۇپ تۈمەن بۇلبۇل باغدا خوپ ناۋا بولغاي.

غەپلەتتە قالسام بەزەن چۈش كۆرۈپ، ئۇيقۇ بېسىپ،
ئىشقىڭ دىلىمدا تۈتىيا ـ ئۆچمەس نۇر ـ زىيا بولغاي.

تىغ ئۇرسا تەلۋىلەر مىڭ جېنىم پىدا سەن ئۈچۈن،
ئوغلان، دەپ قىلساڭ خىتاب مېنىڭ جىسمىمغا ئارا بولغاي.

تاڭدا كۈلگەن كۈلكىلەر بىر سېنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن،
سەنسىز ئۆتكەن ھەر تىنىق مەن ئۈچۈن زايە بولغاي.

تەر تۆكۈپ، بوستان ياساپ ئىشقىڭ ئۈچۈن ئۆتسەم ئىدىم،
مەندىكى ۋىجدان ـ بۇرچ ئاقلىنىپ ئادا بولغاي.

بىر ئەقىدە بار يۈرەكتە: ئەل ئامان مەنمۇ ئامان،
لەۋزىدىن يانسام ئەگەر بۇ يۈزۈم قارا بولغاي!

2002 ـ يىلى نويابىر، چاپچال

# يول

«يول» سۆزى بەك ئاددىي بىرلا ئېغىز سۆز،
ئېيتماققا ۋەزنى يېنىك ھەم ئاسان.
ئۆمۈلەپ، دەم تۇرماي، يىقىلماي ھەمدە،
مېڭىشنى ئۆگەنگەن قايسىبىر ئىنسان؟!

ھە... شۇنداق مېڭىشنىڭ مىڭبىر جاپاسى،
قانۇنىيەت ئەزەلدىن ھەممىگە ئايان.
ئەڭ يۇكسەك غايىدىن باغلاپ بەل كەمەر،
ماڭىسا ئاشماق تەس ئېگىز تاغ ـ داۋان.

يول ئالدىم مەن بۈگۈن ئۈمىد بېغىغا،
جىسمىمدا تۇگىمەس غەيرەت ـ شىجائەت.
نىشانىم جىلۋىدار، گۈزەل ھەم پارلاق،
شۇ يولچۇن مەندە بار، غەيرەت، ساداقەت.

1983 ـ يىلى يانۋار، چاپچال

## تەبىئەت، ھايات ھەممە جاندار ئويغاق

نۇر يېغىپ چېھرىسىدىن ئامراق جانان،
چەكتى ئىشىك سىلىققىنە تىرىق ـ تىرىق.
ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم قۇچاق ئېچىپ،
«مەن كەلدىم» دېدى كۈلۈپ ئوماق ـ ئىللىق.

شۇ مەھەل قالدىم ئاڭلاپ بىر ئۆكسۈشنى،
بۇرۇلدۇم، قىش بوۋايغا كۆزۈم چۈشتى.
ياشلىرى چانىقىدا مونچاق ـ مونچاق،
ـــ ئېھ،ـــ دېدى چوڭقۇر تىنىپ سۆزگە كۆچتى:

«سىلەرگە تارلىقىم يوق مېنىڭ قىلچە،
قاچتى ۋىسال ئىنتىزارلىق سىلەردىكى.
خەير ئەمىسە، شادلىقىڭلار خۇش مۇبارەك،
غايەڭلەر چېچەك ئاچسۇن دىللاردىكى.»

ئۇمچىيىپ كەتتى شۇنداق، قالدى جانان،
ياڭرىدى ئويناق ئەگىز مۇزىكىسى.
مۇگدىگەن ئېقىنلارمۇ سالدى چۇقان،
ياڭرىتىپ جۇشقۇن ھايات سىمفونىيەسى.

زېمىننى غىدىقلىدى «باغ ـ باغ» ئېتىپ،
ئىپار ھىدلىق شۇ دىلدارىم خۇشخۇي جانان.
ئۇخلىغان ئورمانلارنى ئويغاتتى ئۇ،
كۆرۈنمەس ئۇپۇقلاردا تۇتەك ـ مانان.

جانانىمنىڭ زىلۋا، خۇشخۇي قامىتى،
كۆرىمەن كۆكنى قۇچقان چوققىلاردىن.
كۆرىمەن ئۇنىڭ رەڭدار سىياقىنى،
ئارقار، بۇغا تولغان قىيا ـ يوتىلاردىن.

شوخ، ئەركە شۇ جانانىمنىڭ تىنىقىنى،
شاماللار ئېلىپ كەتتى ئۇزاقلارغا.
جۇپ سايە چۇشۇپ قاپتۇ ئەنە قاراڭ،
مەجنۇنتال چالا يايغان بۇلاقلارغا.

بۇلۇتلار قېنىپ ـ قېنىپ سۆيۈشكەندە،
سۆيگۈنىڭ سىماسى بوپ چاقتى چاقماق.
گۇلدۇرماما جاراڭلاتتى
كۆك،
زېمىننى،
تەبىئەت،
ھايات،
ھەممە جاندار ئويغاق!

1989 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال

## ۋىسال قىزى كۈتمەكتە

يېڭى يىلنىڭ خاسىيىتى يېڭىلىقتا تېۋىنىش،
يېڭى ئارمان يۈرەكتە ساھىبجامال يۈز ئاچقان.
ھايات دېگەن قىممەتلىك ئىنسان ئۈچۈن ھەرقاچان،
تېپىرلايدۇ يۈرەكلەر ئۇندا ئوتلۇق ھاياجان!!!

يېڭى يىللىق قوڭغۇراق جاراڭلىغان شۇ مىنۇت،
ئۆمۈر ئۈچۈن، ئېھ، دوستۇم، ئەجەب قۇتلۇق دەقىقە.
يېڭى يىلدا ياشىرار قۇياش ياشلىق يىللارمۇ،
ئويلاپ كۆرسەڭ گۈل ياشلىق ئۇزاق - شېرىن ئەسلىمە ...

قۇياش بىلەن قەدىمىڭ چەكسىزلىككە تۇتاشقان،
ياشىرىسەن ھەر يىلى ئارمانلىرىڭ كۈلگەندە.
ئالەمدىكى گۈزەللىك باشلىنىدۇ سېنىڭدىن،
رەڭدار گۈزەل كېلەچەك قۇچاق ئېچىپ كۈلگەندە.

قۇياش بىلەن زېمىنىنىڭ سۆيگۈسىگە گۇۋاھ سەن،
سەن بېرىسەن زېمىنغا يېڭى تىنىق، ھارارەت.
ھالال ئەمگەك ئىزناسى سەندە ئۆچمەس سەھىپە،
سېنىڭ گۈلگۈن سىياقىڭ يېڭىلىقتا دالالەت!

قەدىمىڭدىن تۇغۇلار
ئۇمىد،
ئارمان،
كېلەچەك،
قۇياش باھار چۇشسە بىخلىنىسەن يېپيېڭى!
يېڭى سېزىم ئىلكىدە لاۋۇلدايدۇ ۋۇجۇدلار،
ھەر ئىنسانىنى قۇتلۇقلاپ يېڭى يىلىنىڭ پاك تېڭى!!!

يېڭى تىلەك، ئۇمىدتە كەلگىن دوستۇم بەل باغلاپ،
ياشنىتايلى ئەل - يۇرتنى ئۆملۇك بىلەن قول تۇتۇپ!
يىللار بىلەن بەسلىشىپ زەپەر قۇچساق بوب غالىب،
كۆتۇر بىزنى ھەرقاچان ۋىسال قىزى گۇل تۇتۇپ!!!



## باھار لىرىكىسى

خىرۇستالدەك سۈپسۈزۈك ئاسمان،
كۈلۈپ باقار ئانا تەبىئەت.
باھار پەيزى سۈرمەكتە يۈرتۈم،
يۈرىكىمدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

باھار قىزى كەلمەكتە يەنە،
قوللىرىدا گۈلدەستە تۈتۈپ.
تاپتى ۋىسال شادلىق ئىلكىدە،
زېمىن ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئۆتۈپ.

لەۋلىرىدە جىلۋە ـ تەبەسسۇم،
مايسا ـ چېچەك كۈلدى قاقاھلاپ.
ئالتۇن نۇرى سېخىي قۇياشنىڭ،
تاغ ـ دالانى سۆيدى باغاشلاپ.

چىن سۆيگۈدىن چىگىلەر مەھكەم،
قەلبلەرنىڭ ئالتۇن رىشتىسى.
بۇلاقلاردا پىچىرلاشماقتا،
يۈرەكلەرنىڭ يارقىن شولىسى.

2005 ـ يىلى ماي، چاپچال

# تاڭ جىلۋىسى

كۆلۈپ كەتتى چۈغلۇق، لەيلىلەر،
نۇر ئىلكىدە شادلاندى ئېدىر.
ئەركىلەيدۇ مەيىن شامالىلار،
سۆيگۈ دەيدۇ يۈرەكتىكى سىر.

بەرگىلەردە جىلۋىلىك شەبنەم،
ئاق رومالىلىق پەرىزات ئەسىر.
جىلغىلاردا ئۆزەر ئاق يەلكەن،
ئۇيۇقلاردا قۇببىلىك قەسىر.

كېلەر دىلبەر بولۇپ ئىنتىزار،
ۋىسال ئىشقى كۆيدۈرۈپ ئۇنى.
جۈپ قولىدا دەستە ـ دەستە نۇر،
كېچىلەرنىڭ يىرتىلدى تونى.

گۈل نىگارى ئەيلىگەچ مەپتۇن،
چولپان كۈلۈپ ئاچتى گۈل چىراي.
چاۋاك چالدى زەردار چوققىلار،
بۇندا سۆيگۈ دەۋرەيدۇ ئايھاي!

باغلار قوينى ئاچتى كەڭ ئىشىك،
نۇر چەشمىسى ئۇچماقتا ھەر يان.
كاككۇك سەرسان زەينەپ ئىشقىدا،
ھىجران ئوتى كۆتۈرۈپ غەلىيان.

كۈي تۆكمەكتە گۈلنىڭ ئىشقىدا،
ئاشىق بۇلبۇل تاڭ ـ تاڭ بىقارار.
سۈزۈك، نۇرلۇق تاڭنىڭ سەتھىدە،
ئالتۇن قۇياش ھارارىتى بار،

سۆيگۈ قوغلاپ كېلەر سۇبھى ـ تاڭ،
ئېقىنلاردا يارقىن شولىسى.
يېپىلماقتا كۆجۈم مەھەللىلەر،
تۇتۇن پۇرقۇپ تۇرخۇن ـ مورىسى.

ئېتىزلاردا يېشىل مايسىلار،
شوخ سەنەمگە ئويناپدۇ ئۇسسۇل.
تەڭكەش ئاڭا ئۆستەڭ بويىدا،
چالا يەشكەن مەجنۇنتال سۇمبۇل.

كۆلەر ھايات،
كۆلەر تەبىئەت،
بەرق ئۇرۇپ تاڭنىڭ جىلۋىسى!

يۇرەكلەردە
دەۋرەيدۇ شادلىق،
شەپەقلەردە دەۋر كۈلكىسى!

2006 ـ يىلى 20 ـ ماي، چاپچال



# نۇرلۇق سىما

يۈرىكىمدە ئوتلۇق مۇھەببەت،
كۆزلىرىمدە نۇرلۇق بىر سىما.
چاقناق دىلغا قويغىنىڭ كەۋسەر،
ئۇنتۇمايمەن سېنى دائىما.

شامدەك ياندىڭ ئەۋلاد ئىشقىدا،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ تۈگىدىڭ تامام.
ئەجرىڭ ئۈچۈن شاگىرتىڭ پەقەت،
رازى بولدۇڭ دېسە «ئەسسالام!»

يۇلتۇزلارنى قالدۇرۇپ ھەيران،
كېچىلەرنى ئۇلىدىڭ تاڭغا.
بەيگىلەردە تۈر ئالسا بوغۇن،
ئۆكۈنمىدىڭ كۆمۈلسەڭ چاڭغا.

شۆھرەتلەرگە قىلمىدىڭ ھەۋەس،
دەپنە ـ دۇنيا قىلالمىدى قۇل!
مەرىپەتتىن نۇر چاچماق ئەلگە،

سەن كۆزلىگەن
نىشان ـ پارلاق يول!

سەن ئۆتىسەن بىر ئۆمۈر شۇنداق،
ئەقىدەڭگە باغلاپ ساداقەت.
كۆزلىرىمدە سەن نۇرلۇق سىما،
يۈرىكىمدە
مۇھەببەت،
ھۆرمەت!

2006 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال



## تەقدىرىڭدىن ئاغرىنما، دوستۇم

تەقدىر دەپلا ئاغرىنما، دوستۇم،
تىزگىنى دائىم سېنىڭ قولۇڭدا.
ئېگىز ـ پەسلىك، مۈشكۈل ـ ئاسانلىق،
تۇرىدۇ ئۇچراپ ھايات يولىدا.

ھايات دېگەننىڭ چاقچاق ـ ھەزىلى،
بىر دەملىك كۈلكە، بىر دەملىك غەملەر.
ئويلىساڭ چوڭقۇر ئەمەستۇر مۇتلەق،
باقىي ئەمەستۇر ئابىزەمزەملەر.

ئۈمىد، ۋىسال ھەمراھ ئادەمگە،
ھايات مەنىلىك زەپ شېرىن ـ تاتلىق.
غالىبلا كەلسەڭ تەقدىر ئۈستىدىن،
ئەبەدىي مەنسۇپ ئۆمرۈڭگە شادلىق.

2006 ـ يىلى سېنتەبىر، چاپچال

# چوغلۇق

(ناخشا تېكىستى)

تاغ باغرىدا ئېچىلغان،
لالە رەڭ ئېسىل چوغلۇق.
دىللارنى قىلار مەپتۇن،
گۈللەر سەرخىلى چوغلۇق.

سۆيگۈگە نىشان ئەيلەپ،
نىگارىم تۇتار يوللۇق.
ۋاپا ـ ئەھدىمگە شاھىتسەن،
تاغ گۈلى قىزىل چوغلۇق.

ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان،
سېنىڭ بەرگىڭ ئەجەب نۇرلۇق.
دىللارغا ھۇزۇر بەردىڭ،
خۇش پۇراق چېچىپ چوغلۇق.

رىشتىمىز ئۈزۈلمەستىن،
ياشنايدۇ تا ئەبەدكە.

سىمۋول ئۆزۈك چۇغلۇق،
مەڭگۈلۈك ساداقەتكە.

2006 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



# سېغىنىش

(ئىستۇدېنت تىلىدىن)

ھايات يولىدا شۇ ئۇلۇغ ئىنسان،
بەرگىنى كۆپ، ئالغىنى نېمە؟
ئاپپاق چاچلار گۇۋاھ ھەممىگە،
دەيدۇ ھەر چاغ «مەندىن غەم يېمە!»

كېلەلمىگەچ ئوغلۇڭ، تېلېفوندا
ئامانلىقىڭنى سورايدۇ بۇ دەم.
سېغىنغاچقا ئەزىز ئوغلۇڭنى،
يەتكۈڭ كېلەر ئۇچۇپلا شۇ دەم.

مۇشۇ تاپتا جانجان ئانا،
يەنە مېنى ئويلاۋاتقانسەن؟
تۇرمۇشتىكى غەملەر بىر تىيىن،
چۈشلىرىڭدە كۆرۈپ ياتقانسەن؟

مەنمۇ ئانا، سېنى سېغىنىپ،
ساڭا يازدىم ئوتلۇق سالام خەت.

يۈرىكىمدە سۆزلىرىم نۇرغۇن،
تۇشۇپ كەتتى مانا نەچچە بەت.

رەنجىمىگىن، ئۆتۈنەي ئانا،
يېتەلمىدىم بۇداقى ھېيتتا.
كۈتەلمىدىم مېھمانلىرىڭنى،
بولغاچقا مەن يىراق بىر يۇرتتا.

مەن بارىمەن يېقىندا ئانا،
ئانا يۇرتقا ئۇچقۇدا ئۇچۇپ.
باش قويىمەن ئىللىق باغرىڭغا،
مەرىپەتتىن شان - زەپەر قۇچۇپ.

سەن تىلەيسەن پەرزەنت بەختىنى،
ئارزۇيۇڭ ھەم مۇرادىڭ بەختىم.
ئامان بولساڭ پەرىشتە سۈپەت،
ئۆرۈلمەيدۇ شاھانە تەختىم.

2006 - يىلى مارت، چاپچال

## دەريا سۈيى

دەريا بويى ــ ئېلىمنىڭ بويى،
بالىلىقتا ئىزلىرىم قالغان.
شارقىرايدۇ دولقۇنلۇق سۈيى،
مېنى چوڭقۇر ئويلارغا سالغان.

ئۇزۇن كەتكەن چىغىر تاماقلىق يول،
يول بويىدا دولانا، جىگدە.
مەۋج ئۇرۇپ ئاقاتتى دەريا،
ئۆركەش ياساپ يارنىڭ تېگىدە.

بېلىجاندەك پىلتىڭلايتتىم مەن،
ئاراللارغا ئۈزۈپ ئۆتكەندە.
چۇرقىرىشىپ قالاتتى دوستلار،
مەن غەۋۋاستەك سۈغا چۆككەندە.

سال باغلىغان قولتۇقتا دائىم،
سالدىن سالغا سەكرەيتتىم تاقلاپ.
ماتروسلارنى دوراپ بەزىدە،
«گازارما»نى قالاتتىم ساقلاپ.

سۈبھى سۆيسە دەريا يۈزىنى،
چىمەنلەردە كۈلەتتى قۇياش.
كەچكى شەپەق تەبىئىي سۈرەت،
رەڭدارلىقتا كەتمەيدۇ بوياش.

پادا كالا ھەيۋەت سەپ تۈزۈپ،
ئۈزۈپ ئۆتەر قارشى قىرغاقتا.
كەچتە قايتسا ئۈزمەي مۆرىشىپ،
بۇرغا ساداسى ياڭرار قۇلاقتا.

قۇلىقىمدا دەريا شاۋقۇنى،
لىرىك كۈيدەك ياڭراپ تۇرىدۇ.
تورغاي، كاككۇك، ئۆردەك، قىرغاۋۇل،
توقايلاردا سايراپ تۇرىدۇ.

ۋۇجۇدۇمنى شۇ ئانا دەريا،
دىيانەت بىلەن چايقىدى پاكلاپ.
يۈرىكىمدە سۆيگۈسى دائىم،
قۇياش كەبى تۇرىدۇ چاقناپ.

ئەزىزىم دەريا، ئىھ، ئانا دەريا،
بويلىرىڭدا يېڭى قىياپەت.
مەن ئۆتمەن ئەر ئۆمرى شۇنداق،
باغلاپ ساڭا ئوتلۇق مۇھەببەت.

2006 ـ يىلى يانۋار، چاپچال

# بەش مۇچەل چەشمىلىرى

خىياللىرىم ئۆزۈلمەس، كۆز ئالدىمدا كەچمىشلەر،
ئۇزاق ھايات يولىدا بولدى ھەمراھ بەش مۇچەل.
بۇ ھاياتنى سۆيمىسەم، كۆز سالمىسام دۇنياغا،
مېنى ۋەيران قىلاتتى ئاللىقاچان شۇم ئەجەل.

ھايات يولى ئۇزاق يول، ئويى بىلەن دۆڭى كۆپ،
كۆپنى كۆردۈم دېسەممۇ كۆرمىگىنىم كۆپ تېخى!
ئۆتكەن ئاي ـ كۈنلەر قالدۇردۇ ھەسرەتتە،
بەزىلىرى بەك بېخىل، بەزەنلىرى زەپ سېخىي!

خامانلاردىن چەش ئالسام كۈلۈپ باقتىم ئەتىگە،
ئارمانلارنىڭ يىلتىزى كۆكلەپ ھەر دەم قەلبىمدە.
چىدام ئاتلىق تۇلپارنى توختاتمىدىم ئۈھسىنىپ،
ئۈمىدلەرنى قۇچاقلاپ كۈلۈپ باقتى ئەقىدە!

قىسمەتلىرى ئاجايىپ بۇ ئالەمدە ئىنسانىنىڭ،
كۈلسە بەزەن قاقاھلاپ، بەزەن قالار زار قاقشاپ.
ھالال رىزقىنىڭ سىڭدۇ تاش يېسەڭمۇ ئەگەردە،
غەلۋىرى بار تۇرمۇشنىڭ ئۆتەر كۈندە مىڭ تاسقاپ.

ئاسان ئەمەس بىر ئۆمۈر تەل قىلمىقىڭ ھەممىنى،
يېڭىپ جاپا ـ مۇشكۇلنى كۆكتە قۇشتەك ئۇچمىقىڭ.
بەخت ـ ئامەت قوغلىساڭ تۇتۇق بەرمەي چاپچىيدۇ،
نادانلىقتىن قۇتۇلماي يوقتۇر زەپەر قۇچمىقىڭ.

ياخشى ھەمراھ ـ دوست تۇتساڭ ئۆتەر كۈنۈڭ مەنىلىك،
دانالارنىڭ سۆھبىتى ئۇلۇغ دەستۇر ھەم ساۋاق.
شۇرمەللەردە شۇركۇنمەي تۇتالىساڭ پۇرسەتنى،
بولار ھەمراھ سەن ئۇچۇن ئالماس تىغلىق خىل ياراغ.

گۈلشىنىدە دۇنيانىڭ ھېچكىم مەڭگۇ قالمايدۇ،
ياخشىلىقكەن نامىڭنى ساقلايدىغان داۋامەت!
دوست ـ ئىناقلىق ھەرقاچان پاك مىزانى ئىنساننىڭ،
ئادەملەرنى خورىتار ھەسەت، پىتنە، ئاداۋەت.

ئامانلىقنى ئىزدىسەڭ ئەلگە قىلغىن ياخشى ئىش،
شۇندا دائىم كۆكلەيسەن تېپىپ ئېھسان ـ ساخاۋەت!
مەردانىلىق، سېخىيلىق چېچەك ئاچسا دىللاردا،
ئىنسانغا يار مەڭگۈلۈك بۇ دۇنيادا سائادەت!!!

سالام توشۇپ شاماللار تىنماي يۈگۈرۈپ ئۆتكەندە،
ۋىسال سۆيگەن ئارمانلار كۈلۈپ قالار يالتىراپ!
سۇنۇق كۆڭۈل، نۇرسىز كۆز ئىللىقلىقنى ھېس قىلسا،
ئادىمىلىك دىيانەت تۇرار ئەبەد پارقىراپ!!!

2006 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال

# تاغ سۇيى

(ناخشا تېكىستى)

سۇزۇك، زۇمرەت تاغ سۇيى،
ئويناپ، ئوقچۇپ ئاقىسەن.
كېيىكلەرنى ئۇركۇتۇپ،
ناخشا ـ قوشاق قاتىسەن.

تاشتىن ـ تاشقا قىيغىتىپ،
كۇمۇش ـ ئۇنچە چاچىسەن.
قىرغاقلارغا زەپ كۆركەم —
يېشىل كىمخاب ياپىسەن.

دولقۇنلىغان دەريانىڭ،
بېشى ئۆزۈك تاغ سۇيى.
شۇڭا ساڭا ئاتالدى،
يۈرىكىمنىڭ شاد كۈيى.

2006 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال

# تەبەسسۇم

(ناخشا تېكىستى)

قۇياش يۈزلۈك سەنەمسەن،
سەندە ئۈزلۈق جىلۋىسى.
مۇجەسسەمدۇر ساڭىلا،
سۆيگۈمىزنىڭ قىبلىسى.

چېھرىلەردە كۆرۈنسەڭ،
باھار تەپتى بېرىسەن.
يۈرەكلەردە ياشىنغان،
سولماس سۆيگۈ گۈلىسەن.

تەبەسسۇمۇڭ ـ جىلۋەڭدىن،
يايراپ كېتەر يۈرەكلەر.
بارچە جايدا ياشىنساڭ،
گۈلەر ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

2006 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال

# سەن دىللار تەكتىدە ئەبەدىي مېھمان

(مەرھۇم ئانام خاتىرىسىگە)

نەدە ئەمدى سېنىڭدەك قاياش؟!
ئاپتاپ ئىدىڭ، كۆلۈپ تۇراتتىڭ.
پەرزەنتلەرگە ئاتاپ يارىقىنى،
مېھرىڭ بىلەن سۆيۈپ تۇراتتىڭ.

نەدە ئەمدى سېنىڭدەك قاياش؟!
ساقىلا خاستى كۆڭۈلنى ئاياش.
كۆكسى ـ قارنىڭ دەريادەك ئىدى،
شۇڭا بىزدە بولمايتتى تالاش.

تۇغقان دەيتتىڭ قۇچاق ئاچاتتىڭ،
ئانا قۇشتەك قانات ياپاتتىڭ.
نەسەب بىلەن يىلتىز ئاختۇرۇپ،
ئىناقلىققا رىشتە چاتاتتىڭ.

تىرىقچىلىق غېمىمىز يوقتى،
سېنىڭ بىلەن سۆزىمىز ئوقتى.

ئەمدى سەن يوق ئۇلۇغ ئانىجان،
سېنىڭ بىلەن كۆڭلىمىز توقتى.

ساداقەتتە ئۇلگىمىز ئىدىڭ،
تەنھا بايلىق ـ مۇلكىمىز ئىدىڭ.
ئېھ، كۆيۈمچان، پاسىبان ئانا،
شادلىقىمىز، كۇلكىمىز ئىدىڭ.

ساقىمىدۇق سېنىڭ باغرىڭدىن،
ئۇكەر يۇلتۇزدەك يەتتە قېرىنداش.
سەندىن ئۇدۇم، لېۋىنى چىشلەپ —
قېرىنداشقا ئۆزىنى ئاتاش.

توغرا سۆزلۇك مىزاندۇر بىزگە،
پاك ـ دىيانەت سەندىكى ئىخلاس.
ئىشچانلىقنى ئۆگەتتىڭ بىزگە،
سەۋر، چىدام سېنىڭدىن مىراس.

ئاق سۇتۇڭدىن سىڭگەن ۋۇجۇدقا،
پاك ئىمان بىلەن چىن غۇرۇر ـ ۋىجدان!
تومۇرلاردا سۆيگۇڭ ئېقىنى،
ئانىجانىم ئېھ
ئۇلۇغ ئىنسان!!!

دىللاردا يار يارقىن سىياقىڭ،
قوياش كەبى غەمخور پاسىبان!
دىلنى ئۆرتەر ھىجران گۈلخانى،
سەن دىللاردا مەڭگۈلۈك مېھمان!!!

2006 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال



## ئائىلىلار قولىدا تەۋرەيدۇ دۇنيا

ئائىل ئۇلۇغ، مۇقەددەس زاتتۇر،
ئادەمزاتقا سۆيگۈ ئاتىغان.
ۋۇجۇدىدىن نۇر تۆكۈپ ھەر دەم،
ئۆي ـ ئۆيلەردە مېھىر بالقىغان.

كۆركى ئائىل كۆللى جاھاننىڭ،
شاھ ـ خاقاننى شۇ ئائىل تۇغقان.
ئىشق ئاتاپ ھاۋا ئانىمىز،
ئادەم ئاتىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان.

قىلالمايدۇ ھېچكىم ھېچقاچان،
بۇ دۇنيانى ئائىلىسىز قىياس.
ئائىل بولماي ھايات ھەم نەدە،
بۇ قەدىمدىن ئۇدۇم ھەم مىراس.

پەرىشتىدەك ئاناممۇ ئائىل،
مېھرى ئىللىق مەھبۇبەممۇ ھەم.
جىگەر ـ پارەم، قىزىممۇ ئائىل،
قان ـ قېرىنداش، ھەمشىرەممۇ ھەم.

ئايال شۇنداق ئۇلۇغدۇر بىلسەڭ،
ئۇندا مۇھەببەت، قىزلىق نازاكەت.
ئۇندا نامايان دوستلۇق رىشتى،
ئۇندا مۇجەسسەم غۇرۇر، جاسارەت.

بىر قولىدا تەۋرەتسە بۆشۈك،
بىر قولىدا تەۋرىتەر دۇنيا.
ئاياللاردۇر ھايات ھالقىسى،
ئايالسىز يوق مېھىر ھەم ۋاپا.

2007 ـ يىلى مارت، چاپچال



# كۆلۈپ كەلدى نىگارىم

ماڭا تۇتۇپ گۇل ـ چېچەك،
كۆلۈپ كەلدى نىگارىم.
ۋىسالىلارنى قۇچاقلاپ،
كۆلۈپ كەتتى تاڭلىرىم.
قۇياش بولۇپ نۇر چېچىپ،
جىيەكلەردە پارلىدىڭ.
يېشىللىقنى شادلىنىپ،
سۆيۈپ كەتتى باغلىرىم.

مەيىن شامال ئۇچماقتا،
چېچەكلەرنى نازغىتىپ؛
سۇبھىلەردە ئويغىنىپ،
چولپان كۆلۈپ باققاندا.
سۆيگۈ گۈلى قۇلاقتا،
ئىشقىڭ بىلەن ئېچىلغان؛
باغدا قۇشلار بەس ـ بەستە،
نەزمە ـ قوشاق قاتقاندا.

بۇلاق، ئېقىن كۆي تۆكتى،
سېھرىڭ بىلەن سېنىڭكى؛

سىمفونىيە ياڭرىتىپ،
چىللاپ يىلنىڭ بېشىنى.
تۇپراق يېرىپ مايسىلار،
تال ـ تېرەكلەر بىخ سۈردى.
دېھقان دوستۇم باشلىدى،
مانا يىلنىڭ ئىشىنى.

چاچتى يالقۇن ھارارەت،
خاسىيىتىڭ جاھانغا؛
ئۇپۇقلارنىڭ جىيىكى،
سەندىن ئوتقاش رەڭ ئالدى.
ياڭراپ كەتتى شوخ سەنەم،
چۇشتۇڭ لەرزان ئۇسسۇلغا.
ئالقىش بىلەن شەرەپنى،
شۇندا ئىشقىم تەڭ ئالدى.

شۇڭا ئاشىق مەن ساڭا،
كۆلۈپ باقتىڭ ۋىلىقلاپ؛
دوست، ئىناقلىق، ساداقەت،
پاك ـ دىيانەت بىزگە يار.
ئىپتىخاردا كۆك ئاسمان،
شېئىر گويا گۈل دىيار.
كۆز ئالدىمدا پارلايدۇ،
گۈزەل ئالەم ـ گۈلباھار!

2007 ـ يىلى فېۋرال، چاپچال

## ياشلىقنى ئاتايدۇ ساڭا

ئاتا دېگەن مۇقەددەس، ئۇلۇغ،
پەرزەنت ئۈچۈن ئاتار يارىنى.
ھاياتلىقنىڭ كارۋان يولىدا،
ئىچ ئات بولۇپ تارتار ھارۋىنى.

سەھەرلەردە، يېرىم كېچىدە،
سېنى ئويلار ھەممىدىن ئاۋۋال.
باغرى كۆيەر سەن ھەرەج تارتساڭ،
كىرپىك قاقماي تاپىدۇ ئامال.

ياشلىقنى ئاتايدۇ ساڭا،
جىسمىدىكى جاسارەت سېنىڭ.
تەكشۈرتۈپ باق ئاتاڭ قېنىدۇر،
تومۇرۇڭدا ئۇقچۇغان قېنىڭ.

ۋايىسمايدۇ تارتىسمۇ جاپا،
سېنىڭ ئۈچۈن ئېگىلسىمۇ بەل.
يول - يول قورۇق،

كۈمۈشتەك چاچلار،
بەختىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل.

ئاتا بولماي يەتمەيسەن بىراق —
بالىلىق قىپ ئاتاڭ قەدرىگە.
ئەلگە سادىق بولساڭ بىر ئوغلان،
ئاتاڭ رازى قىلغان ئەجرىگە.

2007 ـ يىلى ئاۋغۇست، چاپچال



## نىگار ماڭا باقىدۇ كۈلۈپ

كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلدى سوئال،
لەۋلىرىڭدە يوشۇرۇن ئۈندەش.
تىلىم ئەجەب كېسىلدى شۇ چاغ،
تەس كەلدى ھەم ئالدىڭدا سۆزلەش.

بەكمۇ ئېغىر سۈكۈت ئىنسانغا،
ئايغا قاراپ ئارمانلار يۈدۈپ.
پەلەك تەتۈر چۆرگۈلەر بەرىبىر،
نىگار ماڭا باقىدۇ كۈلۈپ.

قەلبلەرنىڭ ئالتۇن رىشتى،
ئۈزۈلمەيدۇ چىڭچىيىدۇ بەلكى.
لەۋلىرىدە سۆزلەر تەبەسسۇم،
ئۈمىدلەرنى سۆيۈپ ئەتكى!

2007 ـ يىلى ماي، چاپچال

# سەن پاكلىقنىڭ ئەلچىسى

سەن زېمىننى پاكلىدىڭ،
ماموق چۈشەك ياپقاندەك.
نۇرلىرىڭدىن كۈمۈشتەك،
يۇيۇلىدۇ كەڭ ئالەم.
سەن پاكلىقنىڭ ئەلچىسى،
ھىممەتلىك قىش ئەركىسى؛
شادلىقىمدىن لىق تولدى،
گۈلگۈن مەيگە پىيالەم!

سەن بەرىكەت ياغدۇرۇپ،
بېغىشلايمەن سەلتەنەت؛
ئانا زېمىن باغرىدا،
سۆيۈنۈشنىڭ شولىسى.
يېڭى تىلەك، ئىلتىجا،
جىلۋە قىلار يېپيېڭى.
دېھقىنىمنىڭ مەڭزىدە،
بېشارەتلىك كۈلكىسى!

2007 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال

# تۆكۈلىدۇ سېنىڭدىن ئەلگە
# ئېھسان - ساخاۋەت

يوللىرىڭغا پاياندار،
سالدى چېچەك مايسىلار.
بەخت ئىزدەپ ۋەسلىڭدىن،
ۋىسالىلارنى سۆيمەككە.
يېشىل چۈشلەر ئەسنەتكەن،
گىياھلارمۇ ئويغاندى.
شادلىقىدىن قىيقاس سېپ،
ئالتۇن ۋادا كۈلمەكتە!

گۈزەللىكنى كائىنات،
ئالار سەندىن مۇكاپات.
بالاغەتكە يېتىدۇ،
سېنى كۆرۈپ پاراغەت.
ھىدىڭ ئىپار، ھۆسنۈڭ گۈل،
ئۈزلۈق ساڭا مۇجەسسەم.
روناق تاپار ئانا يۇرت،
سەندىن ئېلىپ سائادەت.

تەبىئەتنىڭ، ئىنسانىنىڭ،
نەپەسلىرى بىر تۇتاش؛
ئايرىلماستۇر ئەبەدىي،
قان بىلەن گۆش گوياكى.
چىن سۆيگۈدە سۆيمىسەڭ،
تەبىئەتنىڭ قەھرى بار.
كايىمايدۇ دېمىگىن،
رەھىمسىزدۇر جازاسى.

مېھرى ئىللىق نورۇزنىڭ،
جىلۋە قىلار نۇر ـ زىيا؛
تۆكۈلىدۇ ئۇنىڭدىن،
ئەلگە ئېھسان ـ ساخاۋەت!
ئىنسانىيەت ئانىسى،
كەڭرى ئالەم تەبىئەت.
كائىناتتا ئۇنىڭسىز،
كۈلەلەمدۇ شاپائەت!؟

ھېكمەتلەرگە باي شۇنچە،
نورۇز سېنىڭ قۇچىقىڭ؛
بەرق ئۇرار سېنىڭدە،
بىر ئىلاھىي كۈچ ـ قۇدرەت.
تەبىئىي ئۇزلۇق يالتىراپ،
پاك خىسلەتلەر نامايان؛

سۇنۇق كۆڭۈل، مىسكىنلەر،
ئالار ئۇندىن قۇت ـ نۇسرەت.

ھاياتلىقنىڭ قۇچىقى،
يېڭى روھلار مەنبەسى؛
سېنىڭ بىلەن ياشنايدۇ،
ئالەمدىكى مەۋجۇدات.
تاغ ـ دالالار ياپيېشىل،
كىمخابلارغا پۈركەندى؛
گۈزەللىكنىڭ ئالىمى،
نورۇز بىلەن باياشات.

ھېكمەتلىرىڭ بىھېساب،
ئىناقلىقنىڭ دەستۇرى؛
ئىنسانلارنى سەن ئۆزۈڭ،
ئۇلۇغلۇققا باشلايسەن.
ئادىمىيلىك پەزىلەت،
يېتىلىدۇ سەن بىلەن؛
مۇھەببەتلىك سۆيۈشتە،
سەن ئەبەدىي ياشنايسەن!

2007 ـ يىلى 21 ـ مارت، چاپچال

# شېئىر قەسىدىسى

سەن يۈرەكتىن ئېتىلغان ۋولقان،
تومۇرلاردا ئوقچۇپ تۇرغان قان.
ۋۇجۇدلارنى سىلىپ لەرزىگە،
مىڭ گەز مۇزنى ئېرىتكەن گۈلخان.

ياخشىلىققا ئېيتىلغان تەبرىك،
رەزىللىككە ئېيتىلغان ئوقسەن.
ئۈمىدلەردە چاقناپ تۇرغان نۇر،
ھەسەت ئاتلىق كوچىدا يوقسەن.

چوققىلاردا لەپىلدىگەن تۇغ،
جەڭگاھلاردا ياڭرىغان چۇقان.
ۋىسالىلاردا جىلۋە - تەبەسسۇم،
زەپەرلەردە بالقىغان ئارمان!

سۆيگۈلەردە ئېچىلغان گۈلسەن،
تىلەكلەردە كۆلگەن ساداقەت.
ئىشەنچلەردە زۇمرەت ئەقىدە،
ئاپپاق تاڭنى سۆيگەن سائادەت.

بەيگىلەردە ھامان ئالدىدا،
سەن پەللىگە ئېتىلغان تۇلپار.
پەرۋاز قىلىپ بۇلۇتنى يېرىپ،
كۆك قەرىگە ئۆرلىگەن شۇڭقار!

سۆھبەتلەرنىڭ ئوتلۇق تېمىسى،
شېرىن ـ لەزىز ئابىھاياتسەن.
قۇتلۇق ئۆيلەر ئەزىز مېھمىنى،
كۇلۇپ تۇرغان جۇشقۇن ھاياتسەن.

كارۋانلارغا ئالقىش چاۋاكسەن،
قاشتاقلىققا ئۇرۇلغان كاچات.
ھېيت، بايرام، مەشرەپ، بەزمىدە،
ئۆزۈڭ كۆرەك ھەيۋەتلىك پارات!

ئىناقلىققا ئوقۇلغان ناخشا،
چىن مەردلىككە يېزىلغان داستان!
ئايدىڭلاردا سەن تاپقان مۇراد،
سۇبھىلەردە چاقنىغان چولپان!

سەن تاغلاردا يېزىلغان قىسسە،
ئۇپۇقلارنى سۆيگەن قۇچاقلاپ.
ئۇزۇلمەيدۇ ئۇلۇغ دولقۇنۇڭ،
ئاققان دەريا جۇشقۇن ئويناقلاپ.

ئاشىقلارنىڭ مۆڭلۈك كۆيلىرى،
سېنىڭ بىلەن بولىدۇ بايان.
ھىجران ھەمدە ئوتلۇق سېغىنىش،
قۇرلىرىڭدا بولىدۇ ئايان.

چاڭقىغانغا ئۆزۈڭ ئۇسسۇزلۇق،
مىسكىنلەرگە تۆكۈلگەن ئېھسان!
قەدىرلىك سەن مەڭگۈ ئالەمدە،
سېنى سۆيەر ئىشقى بار ئىنسان!

2005 ـ يىلى ئۆكتەبىر، چاپچال



# بەخت تەبرى

باشقىلارنىڭ بەختىدىن،
تاپالىساڭ بەختىڭنى؛
يايرىمامدۇ يۈرىكىڭ،
سەھەر قۇياش كۈلگەندەك!

سەن ھەقىقىي بەختلىك،
ئاشۇ چاغدا ئويلاپباق
نىگارىڭنى باغاشلاپ،
يىنىپ - يىنىشىپ سۆيگەندەك!

بايلىق دېگەن نېمە ئۇ،
بەختسىزلىك ئالدىدا؛
مەئىشەتكە لىق تولغان،
داستىخانلار ھىممەتسىز!

باشقىلارنىڭ قايغۇسى،
ھەم بىلىنسە سىنىڭكى؛
بىلىنمەيدۇ ھېچقاچان،
ئەقىدىلەر ھېكمەتسىز.

بەخت بىللە ھەرقاچان،
ھەر ئىنسانىنىڭ يېنىدا.
تاپالمىغان ئۆزىنى،
ئاڭا ئۆزى ئەيىبلىك.
تىرىشمىغان تاپالماس،
بەخت ئاتلىق دىلدارنى؛
ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى،
ئۈنىڭ روھى زەئىپلىك.

بار ھاياتتا بەختنىڭ،
«ئەل سۆي» دېگەن مەنىسى.
بىلەلىگەن ھەر ئىنسان،
بۇ دۇنيادا ئەڭ ئەزىز!
كۆيۈپ ئەلنىڭ ئوتىدا،
ھەم سۈيىدە ئاققانىنىڭ،
مۇنبىرىدە ھۆرمەتنىڭ.
ئورنى دائىم ئەڭ ئېگىز!

2007 ـ يىلى نويابىر، چاپچال

# قەدىرلىك ئىنسان

كىرىپ قاپسەن ئانا چۆشۈمگە،
پەرىشتىگە ئايلىنىپ گويا.
تۆنجى بالاڭ، تۇمار بالاڭغا،
مېھرىڭ بىلەن تۆكۈپ نۇر ـ زىيا.

دېگۈدەكسەن بېسىمنى سىلاپ،
«ئوغلۇم، ھەر دەم سېخىي، بەردەم بول.
تېگىرقىما مۈشكۈل ئالدىدا،
تىرىشقانغا ئۇچۇق داغدام يول.

غۇرۇرلۇق بول، تىك تۇت قەددىڭنى،
ھەمدەم بولسۇن ساڭا جاسارەت!
ۋىجدانىڭنى ساتما ھېچقاچان،
مەشئەل بولغاي ئەقىل ـ پاراسەت.

قانات ياپقىن قېرىندىشىڭغا،
ئۇ ئىللىقلىق ئالسۇن سېنىڭدىن؛
مەڭگۈ يۆلەك قېرىنداش دېگەن،
زۆرۈر بولسا بەرگىن قېنىڭدىن.

كۆڭۈل ـ كۆكسىڭ كەڭ بولسۇن ئەبەد،
نەپسانىيەتتىن قاچقىن ھەم يىراق؛
بۇ دۇنيادا ياشايسەن خۇشال،
ئەلەم بىلەن چەكمەي دەرد ـ پىراق.

ھايا ـ ئەخلاق بولسا مىزانىڭ،
ھايات دەرىخىڭ گۈللەيدۇ ياشناپ.
ئەقىل بىلەن ئىگىلىك تىكلىسەڭ،
غۇربەتچىلىكتە يۈرمەيسەن قاقشاپ.»

ئويغانغىنىمدا بېشىمدا سەن يوق،
ھاياجاندا كۆزۈمدە لىق ياش.
باقىيمىدۇ يۈرۈپسەن ئانا،
بالاڭ ئۇچۇن بولۇپ چىن قاياش.

ئانا، شۇنداق مېھرىبان ئىدىڭ،
پەرزەنت بارىنى ئاتىغان.
سېخىيلىقتا بىر ئۆزۈڭ تەنھا،
قۇياش كەبى كۈلۈپ چاقنىغان.

ئانا مېھرىڭ چەكسىز ـ بىپايان،
تەرىپلىرى مەڭگۈ تۈگىمەس.
ئانا سۆيۈملۈك، قەدىرلىك ئىنسان،
پەرزەنت قەلبىدە ئەبەدىي ئۆلمەس.

2010 ـ يىلى 6 ـ مارت، چاپچال

# يۈرەكتە ئىشتىياقىڭ بار

(ناخشا تېكىستى)

كۆيگەندەك گۈللەرگە بۇلبۇل،
دىلبىرىم كۆيدۇم ساڭا.
ياندۇ گۈلخان بولۇپ،
بىر ساڭا سۆيگۈم يانا(ر).

ئويغىنىپ سەھەرلەردە،
ھاياتىڭ پەيزىنى سۈرسەم.
ھەمراھىم ئۆزۈڭ ھەر چاغ،
ئىشقا بىلىكىم تۇرسەم.

كۆزۈمنىڭ قاراقىدا،
سېنىڭ گۈل سىياقىڭ بار.
ئۈزۈلمەس رىشتىم ئەبەد،
يۈرەكتە ئىشتىياقىم بار.

قايتۇرما:
كۆزۈمدە سىياقىڭ بار،
يۈرەكتە ئىشتىياقىڭ بار.

2010 ـ يىل مارت، چاپچال

# ئانا يۇرتۇم قىبلىگاھىمسەن

ئانا يۇرتۇم تاغنىڭ باغرىدا،
ئېتەكلىرى گۈللەرگە تولغان.
بۇلبۇل، كاككۇك، شوخ تورغايلىرى …
خەندان ئۇرۇپ خۇشال سايرىغان.

تاغلىرىدا بۇككىدە قارىغاي،
كۆمۈش لېنتا شارقىراتمىسى.
زۇمرەت كۆزلۈك بۇلاق بويىدا،
بۇغا ـ مارال، كېيىك بالىسى.

ئەنگىرىتنىڭ [1] سۈيى شىپالىق،
ئوچۇم ئىچسەڭ دەردىڭگە داۋا.
داستىخاندا قىمىز، قايمىقى …
تەنگە ھۇزۇر بۇندا ساپ ھاۋا.

كۆكنى سۆيگەن ئەۋلىيا چوققا[2]
سەككاكىي، مەشرەپ قەدىمى يەتكەن.

① ئەنگىرىت ــ چاپچال ناھىيەسىدىكى ئەۋلىيا چوققا باغرىدىكى شىپالىق ئارشاڭ.
② چوققا ــ چاپچال ناھىيە تەۋەسىدىكى ئارقار تېغىنىڭ چوققىسى.

چىدىرتاش، قاراساي، گۈزەل كۆل بويى[1] ...
يۈرەكلەرنى مەھلىيا ئەتكەن.

مەدەنلىرى بىھېساب گۆھەر،
كۆمۈر، ئوران ئۈندا داڭلىقى.
قار لەيلىسى، سوغىگۈل، ئارچا،
غازتاپان، خوخا... كەڭرى يايلىقى.

تاش ئۆستەڭدە بۇژغۇن چاچرىتىپ،
قىيغىتىدۇ زۇمرەت ساپ سۈيى.
تەسۋىرىگە قەلەم گال دوستۇم،
ياڭراق ئەجەب لىرىك شوخ كۈيى!

گۈزەل ئۇلۇغ ئېھ ئانا يۇرتۇم،
قوينۇڭ سېنىڭ تولغان لالىزار!
مېنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ئۆزۈڭ،
قوينۇڭدا ئانام، سۆيگەن يار ياتار.

كالا، قويلار مەرىشىپ سەندە،
خوراز چىللار ھەر كۈنى سەھەر.
ئاي جىلۋىسى زەڭگەر ئاسماندا،
باقساڭ سانسىز يۇلتۇز ـ ئەختەر.

ئانا يۇرتۇم تاغنىڭ باغرىدا،
ۋەتەن قوينىدا يالتىراپ تۇرغان!

---

[1] ئارقار تېغىدىكى مەنزىرىلىك جايلار.

مەھكەم چىگىلگەن رىشتىم ئۈزۈلمەس،
قىبلىگاھىم ئۇ مەڭگۈ باش قويغان!!!

2008 ـ يىلى نويابىر، چاپچال



# ھايات يولى

كۆرۈنمەيدۇ ئۇنىڭ چەت - چېكى،
مۇساپىسى يېقىن ھەم يىراق.
جاپاسى كۆپ، داۋىنى خەتەر،
كۆلۈپ نىشان - ئىشەنچ، ئەقىدە.

ئەمەس يىراق كۆزلىگەن نىشان،
ئىجتىھاتتا ئىزدەنگەنلەرگە.
دائىم ياساقلىق ئالقىش مۇنبىرى،
ھارغاننى دەرھال يۆلىگەنلەرگە.

ھايات يولى مۇشكۈل ئۇزاق يول،
ياش، مويسىپىت بارچىگە ئورتاق.
دوستۇم، ئىشەنگىن ئىناقلىق بىلەن،
ئىستىقبال دائىم بولىدۇ پارلاق.

چىن مەردنى مەيداندا سىنا،
ئۇر چاۋاك، ئوزىغانغا خۇشال!
ئىلىم - پەن تاڭلىرى بولسا ھەمراھىڭ،
كۆلىدۇ يۈز ئېچىپ نۇرانە ئىقبال!!!

2008 - يىلى نويابىر، چاپچال

# ئاشىق يۈرەك ھايات ئىشقىدا

كۆل بويىدا شېرىن بىر خىيال،
كۈي تۆكىدۇ يېشىل چوكانتال.
گۈل بەرگىدە كۆز ئاچقان شەبنەم،
زەر نۇر بىلەن چاقنايدۇ يال - يال.

باغدا چېچەك، دىللاردا ناخشا،
ھايات پەيزى سۈرمەكتە يۈرەك.
گۈلۈم ئۆزۈڭ شادلىق قۇۋانچىم،
يوق مۇڭدىشىم سېنىڭدىن بۆلەك.

سەرۋى بويۇڭنى كۆرگەندە ئەنبەر،
قىلدەك تولغىنار رەشك ئوتىدا.
بىھوش سەزگۈسى مەندەك ئاشىقنىڭ،
بىر باقسا ساڭا ئوتلۇق تۈيغۇدا.

ئاشىق يۈرەك ھايات ئىشقىدا،
ۋۇجۇدىدا بالقىيدۇ ئارمان.
ئۈيقۇلارنى تەرك ئەتكەندە،
تىلەكلەرنى كۆكلىتەر دەۋران.

ياخشى تىلەك ھەم يېرىم دۆلەت،
ياخشىلارغا ھامان بار ئالقىش.
تاڭلار سۆيسە پاك ئۈمىدىڭنى،
قۇياش بولۇپ بار ساڭا بالقىش.

ھايات ئۇلۇغ تىنىمسىز دەريا،
غۇلاچ ئاتساق دولقۇنلار يېرىپ.
بىز ياشايمىز ئېجىل - ئىناق بوپ،
ساداقەتتە كەتمىسەك چىرىپ.

مەن ئۆزۈمنى ئىزدە تاپقاندا،
باشقا چۈشۈپ قالدى ئاپپاق قار!
يىراق ئاھ ئۇرۇپ
چەكمەسمەن ھەسرەت،
يۈرىكىمدە مەڭگۈ نەۋ باھار!!!

2008 - يىلى سېنتەبىر، چاپچال



# ئانا، ھېيتتا سېنى ياد ئەتتۇق

يوقلاپ كەلدۇق قەبرەڭنى ئانا،
ئايەم كۈنى يەتتە قېرىنداش.
ئۆپكە ئۆرۈلۈپ كەتتۇق ئېسەدەپ،
تارام - تارام قۇيۇلۇپ كۆز - ياش.

شىۋاقلاردىن تىنىقىڭ كەلدى،
يۇلغۇنلاردىن سورىدۇق سېنى!
پەرزەنت ئۈچۈن باغرىنى ئاچقان،
مېھرى ئاتەش ئانىجان قېنى؟

رەھىمسىز ئەجەل بىزلەرنى، ئانا،
جۇدالىقتا قويدىغۇ ئەجەب.
ياخشىلارغا كۆرۈم يوق ئىكەن،
قاراپ قالدۇق قىلالماي سەۋەب؟!

ئۆي تۆرىدە ئانىجان سەن يوق،
ئۆتۈپ كەتتى مانا ئىككى ھېيت.
سېغىنغاچقا سېنى ياد ئېتىپ،
سېلىپ قويدۇق يەنە قۇيماق - يىت.

ئوخشىمىدى ھېيتىمىز، ئانا،
سەن بىر چاغقا ئوخشىتىپ باقساق.
ھىجرانىڭغا چىدىيالمىدۇق،
كۆڭۈللەرنى توختىتىپ باقساق.

بەزلەپ باقتۇق بىر - بىرىمىزنى،
ئۆزۈڭ تۇتقان ئۆيدە ئولتۇرۇپ.
ئۆزۈڭ ئالغان پەتنۇس، سىركايىدە،
چاينى ئىچىپ كۆڭۈل تولدۇرۇپ.

ياخشى ئەمەس دەيدىكەن چۈنكى
ياخشى كۈندە دەرد - پىراق چەكمەك.
ياخشى گېپىڭنى قىلىشتۇق ھېيتتا،
بۈرچىمىزغۇ سېنى ياد ئەتمەك.

2008 - يىلى سېنتەبىر، چاپچال



# باقىمەن كۆپكە

مەن ئەركىسى ئانا زېمىنىنىڭ،
ئەلگە ئېگىلگەن، ياۋغا ئېگىلمەس.
ئەل تىلەيدۇ ئامانلىقىمنى،
ئەلنىڭ ئوغلىمەن، مەغرۇر يېڭىلمەس.

كۆككە باقماي، باقىمەن كۆپكە.
رىزقىم چۇنكى كۆپ بىلەن بىللە.
ئەلدىن ئايرىلىپ بولمايمەن سەرسان،
تىنىقىم ھامان ئەل بىلەن بىللە.

چۆلدە بۆكۈم قالمايدۇ ھەرگىز،
يۇرت ئالدىدا يۈزلىرىم يورۇق.
ئۆمۈر ئىزلىرىم قىلماس خىجالەت.
ئەجرىمدىن بوزغا سالغاچقا ئۇرۇق.

ئەلدىن ئايرىلىپ قالماسمەن يىغلاپ،
ئازدۇرالمايدۇ ئالتۇن ھەم كۈمۈش.
ئەل سۆيگەن ئوغۇل مەڭگۈ خار بولماس،
ئەقىدەمدۇر ئەل ـ ۋەتەن سۆيۈش.

پاكلىق يۇغۇرغان،
ئەخلاق،
دىيانەت،
ھاياتتىن مەن ئالغان ئەڭ ئالىي ئۇنۋان!
كۆكلىتەر بىر ئۆمۈر مېنى ئەقىدەم،
ئەلنى دەپ ئاتىغان
ساداقەت ھامان!!!

2008 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال



## مېھنەت

تۆكۈپ تەر ئەجىر قىلساڭ سېنى ياشنىتار مېھنەت،
بەرىكەت بولۇپ ئاشنا يېڭى يول باشلىتار مېھنەت.

ئەل سۆيەر ئوغۇل بولساڭ دىلى پاك، بىلى مەھكەم،
ئۇچرىغان داۋانلاردىن مەغرۇر ئاتلىتار مېھنەت.

دەۋر ئۆزگەردى بىلگەيسەن بىلىمسىز ئەتىۋارسىزدۇر،
ئۆگەنسەڭ ئىجتىھات بىرلە نادانلىق تاشلىتار مېھنەت.

تەۋەررۇك سۆز ئاتىلاردىن، تىرىشقان ئاشار قىردىن،
تىرىشقانغا بېقىپ ئامەت ـ نېسىۋە قاتلىتار مېھنەت.

ئىشلىمەي چىشلىگەن نەدە؟ سۆيۈپ ئۆتسەڭلا مېھنەتنى،
تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن بويۇڭنى قاپلىتار مېھنەت.

ساخاۋەت ئاتىساڭ كۆپكە غېرىب، يوقسۇلنى ھەم يوقلاپ،
ئەھلى جاھان بولۇپ قايىل دىلىڭنى شاد ئېتەر مېھنەت.

بىر ئۆمۈر ياشىساڭ ھەم بولۇپ ۋىجدانلىق پاك ئىنسان،
سېنىڭ مۇبارەك نامىڭنى مەڭگۈ يادلىتار مېھنەت.

2008 ـ يىلى ماي، چاپچال

## جور بولمەن ناخشاڭغا

سىنىڭ ئىسمىڭ ھەرقاچان،
يۈرىكىمنىڭ تۆرىدە.
سالام بىرەي مەن ساڭا،
دېھقان دوستۇم ئەڭ ئاۋۋال!
بىراق ساڭا يېتەلمەي،
ئۆتتى بۇ يىل باھارمۇ؛
قۇت تىلەيمەن مەن ساڭا،
تاپقىن روناق بەركامال.

بۇغدايلىرىڭ ئورۇلۇپ،
جالا ساپتۇ قونىقىڭ.
كېۋەزلىرىڭ غوزىلاپ،
بوي تارتىپتۇ رەتمۇرەت.
تور تارتىپتۇ يوللىرىڭ،
كەنتلەرگە ئۇلىشىپ.
يىراق كەلمەس بوپتۇ ھەم،
تاغىنىڭ باغرى قىشلاق ـ چەت.

قوتىنىڭدا چارۋا مال،
ئاپىرىن دەيدۇ كۆرگەنلەر.

ھالال ئەجرىڭ بەرىكىتى،
دوستۇم سېنى كۆلدۈرگەن.
ئۆينى ساپسەن داچىدەك،
ئەتراپىنى گۈل قىلىپ؛
ئوبدان يۆلەك سىياسەت،
تۆمۈر ئاتقا مىندۈرگەن.

ئاينى شەيدا قىلىسەن،
ئاخشاملىرى سۈ تۈتساڭ.
يۇلتۇز ھەيران ھەر سەھەر،
سەن ھارۋاڭنى قاتقاندا.
تورغاي ھەمراھ بېشىڭدا،
چۇچۇلىشىپ ھەرقاچان؛
مالىڭنى سەن قىرلاپ،
«ئەۋرىشىمنى» ئېيتقاندا.

باغلىرىڭدا خۇشناۋا،
بۇلبۇل، كاككۇك سايراشقان.
باراۋەتتە مېھمانلار،
سېنى دائىم ماختاشقان.
تۆكمە ئۆرۈك، شاپتۇللار،
داستىخاندا مول نېمەت.
پاك خىسلىتىڭ سېخىلىق،
سېنى كۆندەك چاقناتقان.

تەبىئەتمۇ قايىلدۇر،
غەيرىتىڭگە ئېھ سېنىڭ!
قاقاسلىقتا ئەي قىلدىڭ،
قاتار ـ قاتار بۈك ئورمان.
ئانا يەرگە ساداقەت،
پىدائىيلىق بىر ئۆمۈر؛
دېھقان دوستۇم، سېنىڭكى
ۋۇجۇدۇڭدا نامايان!

رىشتىم سەندىن ئۈزۈلمەس،
ئەجدادىم بار يېنىڭدا.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
سەھرا ئۇلۇغ بىر ماكان!
سەنلا كۈلسەڭ كۈلىمەن،
يۈرىكىمدىن قېتىلىپ.
خۇشال ناخشاڭ ياڭرىسا،
جور بولىمەن مەن ھامان!!!

2008 ـ يىلى ئىيۇل، چاپچال

# سەھەر

ھەربىر سەھەر ئېسىل بىر شېئىر،
يۈرەكلەرنى مەپتۇن ئەيلىگەن.
كۆلۈپ تۇرۇپ ئۆتەر بىر ئۆمۈر،
سەھەرلەرنى چىن قەدىرلىگەن.

دانالارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى،
«كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن» دېگەن.
سۆيگۈ گۈلى — ساداقەت ئۈلى،
ۋىسال قۇچار قەدرىنى بىلگەن.

سۆيۈپ كەلدىم ھەربىر سەھەرنى،
ھەم سۆيۈلدۈم سۈبھى سەھەردە.
سەھەر بىلەن كېلىدۇ بەرىكەت،
مەيلى سەھرا ياكى شەھەردە.

سەھەر دېگەن سائادەت، دوستۇم،
ھەر سەھەردە بالقىيدۇ قۇياش.
يۈرىكىڭدە بولسا چىن ئىخلاس،
سەھەرلىرىڭ نىگارغا ئوخشاش.

بۇ ھاياتنىڭ ھەربىر سەھىرى،
قەدىرلىكتۇر تىرىك ئىنسانغا!
ھەر سەھەرگە سۆيگۈ ئاتىغان،
يېتەر چوقۇم مۇراد ـ ئارمانغا!!!

2009 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال



# تۈنجى قاردا ئاق تىلەك

ھۆرلەر چاچقان ئاپپاق چېچەكتەك،
قار ياغماقتا لەرزان لەپىلدەپ.
ئاق تىلەككە تولغان تۇنجى قار،
كەڭلىكلەرنى سۆيدى ئەركىلەپ.

پەسىل سىزدى گۈزەل، ئۈز سۈرەت،
قىر - ئېدىرلار، چوققىلار ئاپپاق!
تەبىئەتكە ئالقىش ياڭراتقان،
ھەر يۈرەكنى ئوبدان تىڭشاپ باق!

دىلدا جۇشقۇن ئوتلۇق ھاياجان،
قارلىق پۈتتۈم دىلبەرگە ئاتاپ.
«ياشلىق ئوتى ئۆچمەيتۇ» دېدى،
ئامرىقىمغا قاپتۇ، ئاھ، ياراپ.

ھايات شۇنداق ئۆتەركەن دائىم،
ئۈمىد بىلەن ئارمانغا شېرىك.
قارلىق تاشلاش ئويۇن ھەم ئۇدۇم،
ئېھ، ئۆمۈر سەن ئەجەب سېھىرلىك!

تۇنجى قاردا ئاپپاق پاك تىلەك،
تومۇرلاردا كۆتۈردى غەلىيان!
شۇدۇر دوستۇم كۆڭۈلەر قىزىقى،
ئارزۇلارغا ھەمدەم بۇ دەۋران!

2009 ـ يىلى دېكابىر، چاپچال



# ھېيت ئويۇنايمىز

كەلدى ھېيت، خۇشال ھەممىمىز،
ئەنئەنىمىزنى تەنتەنە قىلىپ.
ئوقۇۋالدۇق قۇربان نامازنى،
ئەجدادلاردىن تەۋەررۇك بىلىپ.

مۇبارەكلەپ بىر - بىرىمىزنى،
ئۆي - ئۆيلەرگە كىردۇق پەتىگە.
ھېيتلاش ئورتاق بىللە جەم بولۇپ،
ئەلمىساقتىن ئۇدۇم ھەممىگە.

تاۋاپ قىلىپ قەبرە يوقلايمىز،
ئەجدادلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ.
مىسكىنلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز،
غېرىبلارنىڭ ھالىغا يېتىپ.

چوڭنى چوڭچە يوقلايمىز يەنە،
كىچىكلەرگە ھېيتلىق تۇتقۇزۇپ.
ئارازلىقنى كېتىمىز ئۇنتۇپ،
كۆڭۈللەرگە شادلىق توشقۇزۇپ.

دىللار شوٖنداق كەڭرى بىر دەريا،
ئوٖلوٖغ ئوچوٖق ئوٚيلەر ئىشىكى.
يات كوٚرمەيمىز ھېچكىمنى ھېيتتا،
يوق مېھماننىڭ چوڭ - كىچىكى.

كوٚڭوٖل - كوٚكسى ئەجەب كەڭ خەق بىز،
داستىخانىمىز خىلموٖخىل نېمەت.
ئايىمايمىز ۋەسلىمىزنىمىز،
توٖغقان بوٖرادەر، ۋاقىت غەنىيمەت.

ھېيتتا شوٖنداق خوٖشال ئوٚتىمىز،
ئوٖم - ئىناقلىق بولغاچقا مىزان.
ھايا - ئەخلاق ئەڭگوٖشتەرىمىز،
نىزالارغا يول يوق ھېچقاچان.

ھېيتنى شوٖنداق ئوينايمىز خوٖشال،
ئوٚي - ئوٚيلەرگە كىرىپ پەتىلەپ.
ئوٖزىمىز مېھمان، ساھىبخانا،
چىن يوٖرەكتىن سائادەت تىلەپ!

2009 - يىلى 28 - نويابىر، چاپچال

# ئوقۇتقۇچىمەن

(ئوقۇتقۇچى تىلىدىن)

ئەۋلاد ئىشقىدا مەشئەل بوپ يانغان،
پەخىرلىك نامىم ئوقۇتقۇچىمەن.
سۆيۈنەر قەلبىم قىلغان ئىشىمدىن،
روجەكلەرنى يورۇتقۇچىمەن.

ۋايىسمايمەن چەكسەممۇ جاپا،
ئەۋلادلار كۆلسە دىللىرى يايراپ.
بوغۇنلار يېتىلسە ماڭا بايرام شۇ،
مەرىپەت بېغىدا بۇلبۇلدەك سايراپ.

بور توزىنى ھەمراھدۇر ماڭا،
ئېقى سىڭىپتۇ چېكىلىرىمگە.
كۆزلىگىنىم ئەۋلادلار بەختى،
ئەقىدە بىلەن زىكرلىرىمدە.

كىتاب، قەلەم قولۇمدا مانا،
مۇنبەردىمەن سۆيۈنۈپ مەغرۇر.

سۆزلىگىنىم ئۇندا ئىلىم ـ پەن،
ۋۇجۇدۇمدا ئىپتىخار ـ غۇرۇر.

ئەل يۇرىكىدە مېنىڭ جايىم،
مېھنىتىم بەردى ماڭا يۇكسەك قەدىر.
ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۇچۇن،
ئۆتىمەن بىر ئۆمۇر قىلىپ ئەجىر.

2009 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر، چاپچال



# ئەسسالام، دېھقان دوستۇم

ئەسسالام، دېھقان دوستۇم، ئامانمۇ سەن،
قىيغىتىپ سۇ كەلدىمۇ ئېرىقىڭغا!؟
ئاختارمىغا تۇتۇپ بولۇپ ئەركەك سۇنى،
ئېچىقنى ئۆرۈدۈڭمۇ تېرىقىڭغا؟

بوي تارتقاندۇ بۇلتۇرقى كۆچەتلىرىڭ؟
سايە بوب باشلىرىڭغا بۇك ـ باراقسان.
ئېگىشتىڭ كۆچەتلەرگە سانسىز قېتىم،
ئەي قىلىش توختىمىدى ساڭا ئاسان.

موزايلاپ ئەتىيازدا غۇنجىنلىرىڭ،
سۈت بېرىپ جىنىڭغا ھەم ئەسقاتقاندۇ؟
قولى بوش ئىككى ئوغلۇڭ بۇ يىل يەنە،
سىرتتا ئىشلەپ خېلى كۆپ پۇل تاپقاندۇ؟

بۇغدايىنىڭ پۇلى ساڭا بوپتۇ مەدەت،
ھە، شۇڭا تىراكتورمۇ سېتىۋاپسەن!
بولغاچقا سىياسەتنىڭ ئېتىبارى،
پۇختا قىپ چىداملىق ئۆي سېلىۋاپسەن.

سۆيدىمۇ مەستخۇشلۇقتا يېنىپ ـ يېنىپ،
يۈز ـ كۆزۈڭگە تاڭدىكى ئىللىق شامال.
شۇ مەھەل ساڭا كۆنداش بولمىغاندۇ،
مەشۇقۇڭ دېھقان قىزى ساھىبجامال؟

ئامىتىڭ كەلگەن چېغى كالا يىلى،
ئاسماندىن تۆكۈلۈپتۇ چەشمە ـ زىلال.
غەيرىتىڭ،
ئىشچانلىقىڭ،
چىدامىلىقىڭ،
ھۆرلەرنى قىلغانمىكىن ھەيرانۇ لال!؟

ئاپىرىن دېھقان دوستۇم غەيرىتىڭگە،
بەرىكەت ياغسۇن ساڭا،
بولغىن ئامان!
ئىشلىگەن چىشلەيدىغان دەۋر ھازىر،
سىياسەت يۆلەك ساڭا باردۇر ئىمكان!!!

2008 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇست، چاپچال

# ياز ھۆسنى

قىيالار تاۋلىنىپ ئالدى ئالتۇن رەڭ،
چوققىدا كۆز چېقىپ بالقىدى قۇياش.
ساي ـ جىلغا چۈمكەلدى شادلىققا بۇ دەم،
قارىغايلىق ئېتەكلەر ئۇپۇققا تۇتاش.

شۇڭقارنىڭ، لاچىنىنىڭ پەرۋازى كۆكتە،
تۇلپارلار تىنمايدۇ بۇندا دۈپۈرلەپ.
قىيغىتار قوزا ـ قوي، موزاي، تاي، ئوغلاق،
سايلاردا كۈي كۈيلەر ئېقىن گۈرۈلدەپ.

تەبىئەت ئۆز شۇنداق خىسلەتلەرگە باي،
لەيلىگە پۈركەنگەن قىرلار ـ ئېتەكلەر.
ھايۋانات، ئۇچار قۇش، ئىنسان بىر گەۋدە،
ھە، شۇنداق ياشنايدۇ ئارمان ـ ئىستەكلەر.

باغلارنىڭ قوينىدا قاينايدۇ ھايات،
ناۋادا بۇلبۇللار بەس ـ بەستە تىنماي.
ياڭرايدۇ شاھ مۇقام دىللار مەھلىيا،
تىڭشايدۇ يۈرەكلەر زوق بىلەن ئايھاي!

كەھرىۋا گوياكى شاختا ئۆرۈكلەر،
لەززىتى، شەربىتى شىپا يۇرەككە.
جېنەستە، گىلاسلار شاخلاردا مونچاق،
ياز شۇنداق باياشات تولغان نېمەتكە.

ئېتىزدا باشاقلار چايقىلار لەرزان،
مول ھوسۇل تويىدىن بېرىدۇ دېرەك.
ھەممەياق ئوتقاشتەك گۈزەل كارتىنا،
ياز ھۆسنى ئۆزىنى قىلماقتا كۆرەك!

ئايدىڭلار زەپ ئېسىل دوستۇم يازدىكى،
مۇھەببەت،
ساداقەت،
ئارمانلار كۈلگەن!
يۇلتۇزلار شاھىتى ئوتلۇق سۆيگۈنىڭ،
مېھرىلىك ئىنسانىنى
ۋىسالدلار سۆيگەن!

2009 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇل، چاپچال

# ئارمان

ياشاش ئانچە تەس ئەمەس،
ئادەم بولماق تەس بىراق.
مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا،
سىناق ئالار دىيانەت.
تىك تۇتىسەن قەددىڭنى،
كۆلەلەيسەن قاقاھلاپ؛
قىلساڭلا ئېھ دوستۇم،
ۋىجدانىڭغا خىيانەت!

بەختلىك ھەم بەختسىز،
قوشماق ھامان دۇنيادا.
بەختلىكلەر ئاۋۇسا،
ئازايمامدۇ رىيازەت.
ھايات ـ مامات ئىنساندىن،
ئايرىلمايدۇ ھېچقاچان.
ھەق ياشىغان ئىنساننى،
قورقۇتالماس قىيامەت.

شېرىن سۆز ھەم پۇل بىلەن،
ئالدار سېنى ئازدۇرۇپ؛

ئېرىشىش ھەم يوقىتىش،
سىناپ سېنى ھەرقاچان.
تەلمۈرۈش ھەم تېگىرقاش،
ئىجتىھاتتىن يېگىلەر؛
يېنىپ تۇرسا قەلبىڭدە،
غايە ئوتى پاك ئارمان!

ئەرزىمەسنىڭ دەردىنى،
مەڭگۈ تارتىپ ئۆتىسەن.
تۈپ مىزانىڭ بولمىسا،
ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش.
نادانلارغا قەدەمدە،
يوللار بولۇر تېيىلغاق؛
شۇڭا بولسۇن چىن ھەمراھ،
ئىلىم ئۈچۈن ئىنتىلىش.

«بۆلۈنگەننى بۆرە يەر»
دەيدۇ بىزنىڭ دانالار؛
ئويلاپ باقساڭ ھەقىقەت،
راۋاج تاپماس بۆلۈنگەن.
دوست ـ ئىناقلىق ئەگۈشتەر ـ
تۇمار بىزگە ئايرىلماس؛
ئەجداد كۆلۈپ ئەۋلادتىن،
رازى بولۇپ سۆيۈنگەن.

ھەقىقەتنىڭ جىنىدۇر،
سەمىمىيلىك، چىن ئەخلاق.
ئويلاپ قىلغىن ئىشىڭنى،
ۋىجدانىڭدىن ئۆيىلىپ.
قىزارغاندا يۈزلىرىڭ،
بەرھەق دەيسەن قول قويۇپ؛
بالا نەپسىڭ قۇترىسا،
سېلىپ تۇرغىن چىڭ قۇلۇپ.

ئۆز غېمىدە ئاۋارە،
نادان ئاتلىق بىچارە؛
دانالارنىڭ قەلبىدە،
ئەل - يۇرت ئوتى بىر لاۋا.
راپاۋەتنى ئايىما،
دوست - يارەندىن قىلچىمۇ؛
سىنالغان دوست رىغبىتى،
يۈرەكلەرگە چىن داۋا.

ئاجىز بىلەن غېرىبقا،
مېھىر - شەپقەت ئاتىغىن.
بۇ دۇنيادا ئەي دوستۇم،
تەڭ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك!
داۋراڭ بىلەن مىننەتنى،
كۆتۈرمەيدۇ شۇ كۆڭۈل.
تاراڭلىغان تۈگمەننىڭ،

تارتقان ئۈنى بەك يىرىك.

پەشنى قاقىقان ئەمگەكتىن،
قۇتۇلالماس مەينەتتىن؛
ئۇيات بىزگە خەقلەردىن،
ئىلىم ـ پەندە قېپقېلىش!
ئوغۇز روھى ۋۇجۇدتا،
يېنىپ تۇرسا گۈلخاندەك؛
مەنسۇپ بىزگە داۋامەت،
چېلىشلاردا كۆپ يېڭىش!!!

2009 ـ يىلى ماي، چاپچال



# يىللار قەدرى

تېخى ياشمەن ئالدىمغىلا قارىسام،
چېنىپ قالار بىراق ئارقىغا قارىسام!
ئىچ ئات بولۇپ تارتالماسمەن ھارۋىنى،
رازى ئىدىم ياندىقىلا يارىسام.

«بوۋا» دەيدۇ ئەمدى مېنى نەۋرىلەر،
قالدى نەدە، گۈزەل ياشلىق دەۋرلەر؟!
ئارمانلىرىم كۆپ دېسەممۇ قورقۇتۇپ،
كۆز ئالدىمغا كېلىۋالار قەبرىلەر.

ئۆچقۇر ئاتتەك چاپتى يىللار توختىماي،
ئالدىراپلا مېنى ياساپ بىر بوۋاي.
تەن بەرمەسكە نېمە ئامال دىلبىرىم،
مانا سەنمۇ ئاپپاق چاچلىق بىر موماي؟!

بوپتۇ دەيمىز شۇ يىللارغا يەنىلا،
ئاتقان ئوقتەك ئۆتىدىغۇ مەيلىلا.
قەدرى قىممەت شۇ يىللارنىڭ ۋە لېكىن،
شۇڭا گۈلۈم خۇش مۇبارەك دەيلىلا.

يىللار شۇنداق ئالدىراڭغۇ سېھىرلىك،
خاسىيەتلىرى زەپمۇ تولا مېھىرلىك.
ئىنسان ئۇنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتسا،
شۇ يىللارنىڭ پۇرسەتلىرى قەدىرلىك.

يېڭى يىلدا گۇللەر تۇتتى باللار،
كۇلۇپ كەتتۇق خۇشال ئاتا ـ ئانىلار.
ساخاۋەتنى ئايىمىغان ھەرقاچان
ئەل ماختىغان ئېسىل ئوغلان سانىلار.

يېڭى يىلغا سائەت چالار قوڭغۇراق،
تەنتەنىلەر كۆككە يېتەر زەپ ياڭراق!
يېڭى يىلغا يېڭى دەستە ھەر دىلغا،
يىللار ياقار ئۆچمەس سۆيگۈ ـ ئىشتىياق!

2009 ـ يىلى يانۋار، چاپچال



## باھار دېگەن مۇھەببەت

باھار دېگەن ئەسلي مۇھەببەت،
يۈرەكلەردە ھېسسىيات ئۆرغۈغان.
دېرىزە كۆلۈپ تولۇن ئاي،
چېچەكلەرگە قاراپ تويمىغان.

قارا قىشنى قوغلىدى باھار،
جىيەكلەردە قۇياش جىلۋىسى.
ھۇجرىدا ياڭرايدۇ خۇشال،
ساداقەتنىڭ ئوتلۇق كۈلكىسى.

كەپتەر ئۇنلەپ، قارىغۇجا سايراپ،
شاخلاردا شوخ بەزمە قۇرۇشتى.
كۈنلەر ئىللىق، چېھرىلەر نۇرلۇق،
سۆبھىلەردە ئىشلار يۈرۈشتى.

ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى جانلار،
يېشىللىققا تەلپۈندى ھايات!
ئانا زېمىن كۈلمەكتە خۇشال،
كۆكتە شۇڭقار قاقماقتا قانات!!!

سەلكىن شامال ئەسمەكتە ئەمدى،
كۆكتە لەرزان ئوينايدۇ لەگلەك.
دېھقان يىگىت تۈزدى كۆپ پىلان،
قىزىپ كەتتى ئېتىزدا ئەمگەك.

ئېرىقلاردا سۇلار شىلدىرلاپ،
چىمەنلەرنى ئويغاتتى بۇ دەم.
ئاپتاپ سۆيدى بېدە، يالپۇزنى ...
يېشىللىققا تاشلاندى قەدەم.

يولۋاس يىلى كەلدى بۇ نورۇز،
ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتكەن.
ئاشىق ـ مەشۇق سېلىشتى گىرە،
چىن سۆيگۈدە قەسرى پۈتكەن.

2010 ـ يىلى 20 ـ مارت، چاپچال



# ئانا باغرى ئەڭ ئۇلۇغ

ئانا مېھرى ئالدىدا،
ئەرزىمەيدۇ ھېچ بايلىق.
قۇياش ئانا مېھرىبان،
بېرەر مەڭگۈ زور شادلىق.

ئانا بېرەر گۈزەللىك،
باھارغا ھەم، تاڭغا ھەم؛
ئوخشىتىسەن ئايازنى،
دىلىڭ سۆيگەن يازغا ھەم.

ئانا سۆزى ئاڭلىساڭ،
ئەقىل، كۆزۈڭ ئېچىلار.
تۇتساڭ بۇنى ئېسىڭدە،
ساڭا دائىم شادلىق يار.

ئانا كۆڭلى رەنجىسە،
تىترەپ كېتەر يەر - جاھان.
تەبەسسۇمى كۈن - قۇياش،
پەرزەنت ئۈچۈن ھەرقاچان.

ئانا باغرى ئەڭ ئۇلۇغ،
ئىللىق ۋەتەن سۆيۈملۈك!
بىرلا ئاتا مۇجەسسەم،
ئەڭ بىباھا بۈيۈكلۈك!!!

2010 - يىلى مارت، چاپچال



# قېرىنداش

ئۈزۈلمەس قىپ رىشتىڭنى چىڭ چاتىدۇ قېرىنداش،
تارتالمىساڭ ھارۋىنى تەڭ تارتىدۇ قېرىنداش.

ئۆستەڭ چاپساڭ بوزلۇققا ۋايىم يېمە يالغۇز دەپ،
سېنىڭ بىلەن يانمۇيان چام چاپىدۇ قېرىنداش.

قولۇڭ قىسقا بوپ قالسا ئەلگە كۈلكە بولمىغىن،
ئۆدۈل بارغىن ئالدىغا ئەسقاتىدۇ قېرىنداش.

ئۆي سالماقچى بوپ قالساڭ ساڭا ھەمدەم يۆلەك ئۇ،
ئاشۇ ئۆيىنىڭ تېمىنى تەڭ سوقىدۇ قېرىنداش.

ئۆيلەپ قالساڭ ئوغلۇڭنى ئەر يەتكەندە بىر كۈنى،
سېنىڭ بارى- يوقىڭغا تەڭ چاپىدۇ قېرىنداش.

يېتىپ قالساڭ بىتاپ بوپ (خۇدا ئۆزى ساقلىغاي)،
كىرىپ قاقماي بېشىڭدا ھەم ياتىدۇ قېرىنداش.

قايتساڭ ئۇزاق سەپەردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئالدىڭغا،
غۇلاچ كېرىپ، باغرىنى كەڭ ئاچىدۇ قېرىنداش.

سەن يوقلىساڭ ئەجدادىنىڭ قەبرىسىنى تەڭ يوقلاپ،
چىرىغىنى سەن بىلەن تەڭ ياقىدۇ قېرىنداش.

«يات يېگىنچە، تۇغقاننى،ــ دەيدۇ،ــ ساڭا ئۆلگۈچە»،
شۇ ئەڭگۈشتەر ـ تۇمارنى تەڭ ئاسىدۇ قېرىنداش.

2010 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال



# باھار كەلدى

باھار كەلدى يۇرتۇمغا قۇياش پۇركۇپ ھارارەت،
شاختا ئەنە بىخ، نوتا يېشىللىنىققا دالالەت.

ئەگىز سۈيى ئويغاتتى سۆيگۇ چىلىلاپ باھارنى،
دېھقان ماڭدى ئېتىزغا ۋۇجۇدىدا جاسارەت.

تاپقا چۈشتى ئۇرۇق ـ دان ئەجرى بىلەن دېھقاننىڭ،
ئامان بولسا ئاپەتتىن ئاشار ھوسۇل دارامەت.

كۆزنەكلەردىن شوخ شامال ئۇچار يەڭگىل يورغىلاپ،
ئاشىقلارغا خۇش خەۋەر بېرىپ ئۆتتى سالامەت.

قىن ـ قىنىغا سىغماستىن سالدى قىيقاس باللار،
لەگلەكلىرى كۆكلەردە پەرۋاز قىلغاچ كارامەت.

تىنىقىدا باھارنىڭ چېچەك ھىدى ئىپاردەك،
دالا، ئېتىز، باغلاردا گۈزەل ئېسىل قىياپەت.

نازاكەتلىك مەجنۇنتال شاخلىرىدا شوخ قۇشلار،
قۇردى بەزمە بەس ـ بەستە تىنماي سايراپ داۋامەت.

ھايات جۇشقۇن باھاردا شەھەر ـ يېزا، سەھرادا،
چىمەنلەردە ياپيېشىل، قىزىپ كەتتى باراۋەت.

يېشىل ئانا تەبىئەت يېڭى دەيدۇ ھەممە جان،
يۈرەك تېخى قىلمايدۇ ۋىسالللارغا قانائەت!

2010 ـ يىلى ئاپرېل، چاپچال



# يېڭى قەدەم يېڭى يىل

سېنىڭ بىلەن ئەي يىللار،
ئايرىلمايدۇ ھاياتلىق.
ئۆپۆق بىلەن قۇياشتەك،
بالقىپ تۇرار سۆيگۈسى.
قۇياش باھار چۈشسە،
شادلىنىسەن بىخلىنىپ.
مەرھابا دەر تەبىئەت،
سەن يېڭىلىق ئۇلگىسى.

تۇغۇلىسەن ھەرقاچان،
يېڭىلىنىپ بولۇپ پاك.
چاۋاك چالار قۇتلۇقلاپ،
ساڭا ھەر كۈن نۇرلۇق تاڭ.
يېڭىلىق دەپ كائىنات،
جاكار قىلار ئالەمگە؛
تەنتەنىلەر ئەۋجىسى،
توختىمايدۇ كۈي ـ ئاھاڭ!

يىللار، سېنىڭ قۇياشقا
ئارمانلىرىڭ بىر تۇتاش.

ئۈمىدلىك شوخ ھېسسىيات،
يىللار ساڭا تومۇرداش!
تەسەۋۋۇرلار كۆكسىدە،
يارقىن گۈزەل كېلەچەك؛
شۇ يىللارنىڭ تاڭلىرى،
يۈرىكىمگە رىتىمداش!

تۇرالمايسەن قۇياشنىڭ،
تۇيغۇلىرى دەۋرىسە.
يىللار، يۈگۈرۈپ ئۆتسەن،
قونالمايسەن بىر ئاخشام.
قۇياش تۇغقان ئارمانلار،
ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرسە؛
سۈبھى بىلەن ياڭرايدۇ،
ھامان ئوتلۇق ھۆر ناخشام.

مېھرى ئىللىق ئاندەك،
ئاپتاپ سىپىپ ھەر دائىم؛
ئەللەيلەيسەن يېڭى يىل،
ئۈمىدلەرنى پەپىلەپ.
سائەت ـ مەزگىل توشقاندا،
قوللىرىڭدا گۈلدەستە؛
سەن كېلىسەن خۇش بېقىپ،
ھۇجرىلارغا پەتىلەپ!

مەزمۇت ئېگىز تاغلارنىڭ،
چوققىسىدا شولاڭ بار.
دەريالارنىڭ شاۋقۇنى،
سىرداش ساڭا ھەرقاچان.
ئۇچقۇنلىرىڭ لاۋۇلداپ،
قىيالاردىن ھالقىيدۇ؛
يىللار يېڭى بەت ئاچساڭ
دىلدا قاينار ھاياجان!

يېڭى قەدەم يېڭى يىل،
قۇياش كۈلگەن يېڭى كۈن.
ئارمانلاردىن يېتىلگەن،
يېڭى پەرۋاز ئالەمگە!
يېڭى يىلدا يېپيېڭى،
چېچەك ئاچار ئىستەكلەر؛
شىجائەتتە يول ئاچقان،
مۇھەببەتلىك ئادەمگە!

2009 ـ يىلى يانۋار، چاپچال

# ئەلۋىدا، زوردۇنكا

(مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىرغا مەرسىيە)

قاراقلىرىمدا لىغىرلايدۇ ياش،
يۈرىكىمدە ھەسرەتلىك پىغان.
ئۆمچەيدى كۆكتىكى قۇياش.
ۋۇجۇدۇمدا دەۋرەيدۇ قىيان.

زوردۇنكا سىز كېتىپ قاپسىز،
تۇيۇقسىزلا يۇلتۇز كۆچكەندەك.
پىروزىمىزنىڭ چوققا قەسرىدە،
«لىپ»لا قىلىپ چىراغ ئۆچكەندەك.

تۇنۇگۇنلا ئارىمىزدا سىز،
ئوينىغانىدۇق كۆكسايدا[1] بىللە.
ئەجەب خۇش پېئىل ئىنسان ئىدىڭىز،
سۇرەتكە چۈشكەن يېنىمدا بىللە.

چاقچاق پەيزىسىن سۇرۇپ باغلاردا،
كۈلۈشكەنىدۇق راسا قانغۇچە.

---

[1] كۆكسەي — چاپچال ناھىيە تەۋەسىدىكى دىلمۇك تېغىنىڭ مەنزىرىلىك جايى.

شېرىن سۆھبەتلەر ئۈزۈلمىگەچكە،
قىلغانتى داۋام ھەتتا تاڭغىچە.

ئىشەنمەسلىككە مۇمكىنمۇ ئەمدى،
ئىشەنمىسەكمۇ كەپقالدى خەۋەر.
يۇلتۇزلار كۆزىدە ئەنە قانلىق ياش،
خورسىنىپ تىنماقتا كۆكتىكى قەمەر.

ئەلۋىدا، زوردۇنكا، قەدىرلىك ئىنسان،
سىز ئۇچۇن يۇرەكتە ئۆچمەس مۇھەببەت!
بىر ھەيكەل ياسىدۇق مىليون دىللاردا،
يىقىلماس چوققىدەك ئەبەدىلئەبەد!!!

1998 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇست، چاپچال



**图书在版编目（CIP）数据**

感悟：维吾尔文/吐尔迪·铁依甫达吾提著.
-乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.10
ISBN 978-7-5515-0180-4

Ⅰ.①感… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①诗集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ 227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 212099 号

责任编辑：**阿布里克木·艾山**
**艾克拜·塔西**
责任校对：**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计：**阿里甫·夏**

**感悟**（维吾尔文）
**吐尔迪·铁依甫达吾提** 著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 金 版 印 务 有 限 公 司 印 刷
880×1230 毫米　32 开本　11.125 印张
2012 年 8 月第 1 版　2012 年 8 月第 1 次印刷
印数：1 — 2000

ISBN 978-7-5515-0180-4　定价：32.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

# ئويغاق ھېسلار

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-0180-4

9 787551 501804 >

باھاسى: 32.00 يۈەن